
مۇھەممەت ئىمىن ئۆمەرۇۋ
تۇرسۇن ياسىن

# ئەخمەتجان قاسىمى

مۇھەررىرى: ئەنۋەر داۋۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: غوجاخۇن خۇدابەردى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1987 - يىل. ئۈرۈمچى



ئەخمەتجان قاسىمى
(1914 — 1949)

ئەخمەتجان قاسىمى

*


شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورو)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى 3.25
1987 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 7—5371—0090—X/I—27
كىتاب نومۇرى: M10124·194
سانى: 1 — 25·150
باھاسى: 0·50 يۈەن



1945 - يىل 4 - ئاي، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئۈچ
ۋىلايەت مىللىي ئارمىيسى ھەربىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
بولغاندا چۈشكەن سۈرىتى.




1946 - يىل 8 - ئاي، ئەخمەتجان قاسىمى، جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار سايرام يولىدا. (ئىبرتەدى)




1947 - يىل، ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ مەر- كىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ بىلەن بىللە.






1947 - يىل 3 - ئاي، ئەخمەتجان قاسىمى تۇرپان يولىدا.




1947 - يىل، ئەخمەتجان قاسىمى بۇرھان شەھىدى بىلەن جۈيخۇاتەيدە.





ئەخمەتجان قاسىمى تۇغۇلغان ئۆينىڭ غۇلجا شەھىرى تۇغرا كۆۋرۈك مەھەللىسى ئارقا كوچىدىن كۆرۈنۈشى.



ئەخمەتجان قاسىمى تۇغۇلغان ئۆينىڭ غۇلجا شەھرى توغرا كۆۋرۈك مەھەللىسى يان كوچىدىن كۆرۈنۈشى






ئەخمەتجان قاسىمنىڭ غۇلجا شەھرى توغرا كۆۋ-رۈك مەھەللىسىدىكى تۇغۇلغان ئۆيى.




ئەخمەتجان قاسىمنىڭ دادىسى — نادىر ماخمۇت.

(1915 - يىل، غۇلجا)



(يىراقتىن كۆرۈنۈش)



(يېقىندىن كۆرۈنۈش)

ئىلى سۇيدۇڭ ئۇيغۇر مازىرى — ئەخمەتجان قاسىمنىڭ دادىسىنىڭ قەبرىسى.






ئەخمەتجان قاسىمى باياندايدىكى ھەربىي مەكتەپدىكىلەر بىلەن بىللە.





1946 - يىل 11 - ئاي، ئەخمەتجان قاسىمى
گومىنداڭ خۇيىدا (نەنجىڭ)





1946 - يىل 12 - ئاي، ئەخمەتجان قاسىمى
چىڭداۋدا





1947 - يىلى 4-ئاي، ئەخمەتجان قاسىمى قەشقەردە.





1947 - يىلى، ئەخمەتجان قاسىمى ئالمۇتىدا




ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە.
ئالدىنقى رەت (ئوڭدىن): 1. سەيپىدىن 2. ئەخمەتجان قاسىمى 3. مۇتەئاللى خەلپەم 4. ئىسھاقبېك 5. فېيزۇمبەگ غوجا.
كېيىنكى رەت (ئوڭدىن): 1. ئەنۋەر خانبابا 2. ئۇيغۇر سايرانى 3. سەيپۇللايېۋ 4. ئەسئەت 5. ئىبراھىم تۇردى.
(1947 - يىل، غۇلجا)






ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەپىقىسى ماھىنۇر قا-
سىمىنىڭ قىزى ئادەلەت، ئوغلى ئادىلجاننى ئېلىپ
چۈشكەن سۈرىتى. (1949 - يىلى 1 - ئاي، غۇلجا)



1949 - يىل 5-ئاي، ئەخمەتجان قاسىمى قىزى ئادەلەتكە كىتاب ئوقۇپ بەرمەكتە.





1945 - يىل، ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجا سايبو-
يىدىكى قورۇدا بېقىۋالغان قىزى رىزىۋانگۈل بىلەن بىللە.



ئەخمەتجان قاسىمى ئالمائاتىدا



## نەشرىياتتىن

1944 - يىل 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق خەلقى ئىلقا ناھىيىسى ۋە غۇلجا شەھرىدە، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيە تەشكىللىدى.

1945 - يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، مىللىي ئارمىيە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گومىنداڭ ۋە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىنى تارمار قىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلدى. شۇ يىلى قىشتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، كۈرەش يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئىنقىلاب ئوتى تېزلىكتە پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. نەتىجىدە، بۇ ئىنقىلاب گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى تەۋرىتىپ، ئۇلارنى 11 ماددىلىق بىتىمگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

گەرچە، بۇ ئىنقىلاب ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئېلىپ بېرىلغان، ئۈچ ۋىلايەتتىلا غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، پۈتۈن مەملىكەت جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئەكسىيەتچىلەرگە، مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ نەمۇنىسىنى يارىتىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا،

جۇڭگو يېقىنقى زامان ئىنقىلابىي تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت سۈپىتىدە ئىنقىلاب ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلاشقان زور بىر تۈركۈم سىياسىيونلار، ھەربىي ئالىملار، دىپلوماتلار، ئىقتىسادشۇناسلار، مائارىپچىلار، ئەدىبلەر، دوختۇرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، زور سىياسىي كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ئىنقىلابنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز، مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىنقىلابىي قۇربانىمىز، كۈرەش يولىنى ئاچقۇچى ئاۋانگارت بايرىقىمىز — ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ھەممە پرولېتارىيات داھىيلىرىغا ئوخشاشلا پۈتكۈل ئىنقىلابىي كۈرەش ھاياتىدا خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلىگەنلىكى، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بولغان ساداقىتى، يۇقىرى رەھبەرلىك سەنئىتى، خەلق بىلەن ھەمنەپەسلىكى بىلەن «خەلق رەھبىرى» دېگەن مۇناسىپ نامغا ئىگە بولغان. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ دانا رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياد ئېتىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھالبۇكى، خەلقىمىز سۆيۈملۈك پەرزەنتىنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ھۆججەتلىك ماتېرىيال بىلەن تېخى تونۇشقىنى يوق. بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەتبۇئاتلاردا ئازدۇر - كۆپتۇر كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان، بىرىنچى



قول ماتېرىياللىق رولىنى ئوينىيالمايدۇ.

نۆۋەتتە، مانا بۇ كىتاب سىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋاتىدۇ. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 20 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەتلىك چۈشەندۈرۈشلەر، بايانلار ئىنقىلابىي داھىي ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى ئاشۇرۇپ، سىزنى نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق كۈرەش ھاياتى بىلەن تونۇشقىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزدىكى يۈكسەك مىللىي ئىپتىخار، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇڭىز يەنىمۇ ئاشىدۇ.

قىسقىسى، بۇ كىتاب ئۆز مەزمۇنىدا مۇجەسسەملىگەن ئالىيجاناب ئىنقىلابىي روھ، ئازادلىق ئۈچۈن بولۇنغان زور تارىخىي كۈرەشلەر، ئەسەردە نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۈرەش شەجەرىسى سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا ئۈلگە ۋە مەدەت بولالايدۇ.

## مۇندەرىجە


خەلقنىڭ سۆيگۈ ئىپتىخارى ........................ 1

بالىلىق دەۋر ........................ 2

بىلىم ئېلىش يولىدا ........................ 6

جاھالەت بىلەن ئېلىشىش ........................ 8

ئىنقىلابىي ھېسداشلىق ........................ 13

ئۇلار «ئالتە ئوغرى» ئەمەس ........................ 14

ئىنقىلاب يولىدا ........................ 15

«سۆھبەت» ئۈستىلىدىكى كۈرەش ........................ 31

ئىنقىلاب ۋە تەلىم - تەربىيە ........................ 41

ئىنقىلابىي ئالاقە ........................ 53

«بىتىم»نى قوغداش يولىدا ........................ 54

ئىنقىلابىي قۇربان، شانلىق ئۈلگە ........................ 70

قوشۇمچە:

چوڭقۇر سېغىنىش ........................ 74

## خەلقىمنىڭ سۆيگۈ ئىپتىخارى

ئالەمدە سۆيگۈدىن ئۇلۇغ، سۆيگۈدىن مۇقەددەس كۈچ يوق. بولۇپمۇ خەلق سۆيگۈسى ئەڭ مۇقەددەستۇر.

تارىخىمىزدا ئۆز خەلقىمنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىسسىق قان، ئەزىز جانلىرىدىن كەچكەن ئەجدادلىرىمىز تا هازىرقى ئەۋلادلارغا قەدەر ئۆرنەك بولۇپ كەلمەكتە.

بىز ئەڭ چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت، سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى بۇنىڭ دەل مىسالى. ئۇنىڭ ھەقىقىي خەلق پەرزەنتى، كۆرەش ئوغلىغا خاس خىسلەت-پەزىلىتىنى بۇنىڭدىن بىرقانچە ئون يىل ئاۋۋال تەرىپلەپ يازغان يولداش ماۋ زېدۇڭدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتەن تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر پۇقراغىچە، يۈكسەك ئىشتىياق بىلەن تىلغا ئالىدۇ ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئەسلەيدۇ. شۇڭا ئۇ، بىرقانچە ئون يىل ئاۋۋال بىزنىڭ ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كەتكەن بولسىمۇ، تىنچ ۋە بوران-چاپقۇنلۇق كۈنلەردىمۇ ئوخشاشلا خەلقىمنىڭ سۆيگۈ يۈكسەكلىكىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز بولۇپ

پارلاپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە، مۇنبەت ئىلى ۋادىسىدىكى گۈلىستان شەھەر غۇلجىنىڭ گۈزەل خەلق باغچىسىدا، ۋەتەن تۇپرىقىدىكى ئۇلۇغ خەلق قەھرىمانلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسى تېخىمۇ كۆركەم، تېخىمۇ يارقىن تۈسكە كىرىپ، ھەر بىر مۇھەببەتلىك قەلبلەر تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە ھەم ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئۆزىگە بارغانسېرى كۈچلۈك مەپتۇن قىلماقتا. ھەر قېتىم بۇ مۇنار ئالدىغا بارسىڭىز، كىشىلەرنىڭ ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ياد ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ يەرگە كەلگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەر ھەر مىللەت ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى، ھەربىيلىرى ۋە ۋەتىنىمىزگە كەلگەن چەت ئەللىك ئەزىز مېھمانلار بولۇپ، ئاينىڭ ئۈزۈلمەستىن زىيارەتتە بولۇشۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بىلدۈرگەن چەكسىز ھۆرمىتى ۋە سۆيگۈسىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى خەلقنىڭ سۆيگۈ ئىپتىخارىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ.

## بالىلىق دەۋر

ئەخمەتجان قاسىمى 1914-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، غۇلجا شەھىرى دۆڭكۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى نامرات بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى نادىر ئاكا نا-



ھايىتى نامرات بىر ياماقچى ئىدى. ئۇ، ئەخمەتجاننىڭ ئانىسى شەرۋانىخان ھەدە بىلەن يېڭى ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشقاندا، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېلىۋاگىنىڭ مۇساپىر-كۆچمەنلەر تۇرىدىغان ھۇجرىلىرىنىڭ بىرىگە ئىجارە تۆلەپ ئولتۇرغان بولۇپ، تۇرمۇش شارائىتى ئېچىنىشلىق ھالدا نامرات ئىدى. نادىر ئاكا ئۈچۈن ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق، ياماقچىلىق بىلەن چۈشكەن ئازغىنا پۇل بەدىلىگە ئۆي ئىجارىسى تۆلىمەك تولىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. شۇڭا ئۇ، بىر ئورۇندا ئۇزاق ئىجارە تۆلەپ ئولتۇرالمايدۇ. توغراكۆۋرۈكتىكى ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئاز ئۆتمەي ئەخمەتجان دۇنياغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نادىر ئاكىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. ياماقچىلىقتىن تاپقان پۇلى ئۆي ئىجارىسىدىن ئاشمىغانلىقتىن، تۇرمۇشتا يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىر غۇلجىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقتىن، 1920-يىلى كەچ كۈزدە ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ سۇيدۇڭ ناھىيىسىگە كېتىدۇ. نادىر ئاكىنىڭ سۇيدۇڭ ناھىيىسىدە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە سۇيدۇڭ بازىرىغا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ يەردىمۇ ياماقچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئائىلە نەسەبنامىسىدە ئاتىدىن بالىغا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەلنەغمىچىلىك ئەخمەتجاننىڭ دادىسى نادىر ئاكىدىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، غۇربەتچىلىك باسقان ئائىلىسىدىن دۇتارنى كەم قىلماي ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشنى مۇشكۈل كۈنلەردىمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ. پۈتكۈل

قايغۇ-ھەسرىتىنى ناخشا ئېيتىپ، دۇتار چېلىپ يەڭگىللەتىشكە ئادەتلەنگەن نادىر ئاكىنىڭ خەلق ئىچىدە «ناخشا ئېيتىشقا ماھىر سازچى» دېگەن نامى بار ئىدى. سۈيدۈڭگە بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردە، ئۇ قاتناشمىغان ئەلنەغمە مەشرەپ، باراۋەتلەر قىزىمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. سۈيدۈڭ جامائەتچىلىكى ئۇنى شۇ قەدەر ئىززەتلەيدۇكى، سۈيدۈڭدىكى سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي تەرىپلىشىدۇ.

شۇ چاغلاردا، سۈيدۈڭدە شەھەر بايۋەچچىسى «قاسىم كەمشا» دېگەن بىر لۈكچەك بار ئىدى. ئۇ مەشرەپلەرگە، جامائەت سورۇنلىرىغا مۇشتۇمزورلۇق بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىۋالغان بولۇپ، نادىر ئاكا ئۆزى ياۋاش، ئەمما ئۆتكۈر سۆزلۈك، خۇش چاقچاق، ناھەق ئىشلارغا چىدىمايدىغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، ھېلىقى كومشانىڭ يامان ئىللەتلىرىنى ھەزىل قىلىپ قىرىپ، ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويىدۇ. بۇ كومشانىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئۇ ئىنتايىن گۇماندۇر بولغانلىقتىن، بىر بەزمىدە ئۆزىنىڭ ئوسال بولۇپ قالغىنىنى دەستەك قىلىپ، نادىر ئاكىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ. ئارقىدىنلا ئەخمەتجاننىڭ ھەدىسى جەننەت ئېغىر كېسەل بولۇپ، يېتىملىكتە داۋالىتىش مۇمكىن بولماي تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئېغىر مۇسىبەت ئالتە ياشتىن ئەمدىلا يەتتە ياشقا قاراپ ماڭغان ئەخمەتجاننى، ئۇنىڭ ئاپىسى شەرۋانىخاننى ئېغىر مۇساپىرلىق كوچىسىغا سۆرەپ كىرىدۇ. ئۇلار تارتقان ئازاب، غۇربەتچىلىك دەردى ئەخمەتجاننىڭ چوڭ دادىسى (شەرۋانىخاننىڭ ئاپىسىنىڭ ئاكىسى) چىلپەڭزىلىك كېۋىر ئاكىنىڭ قولىغا يېتىدۇ-دە،



ئاز ئۆتمەي ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئائىلىسىگە يۆتكەپ ئەكېتىدۇ. بۇ ئائىلىدە تۇرۇشلۇق كەمبەغەل چارۋىچى قىدىر (قازاق) يەتتە ياشلىق ئەخمەتجاننى ئۆز ئوغلى بىلەن (مەكتەپ ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق جايدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن) ئەتىگەن ئاپىرىپ، كەچلىكى ئۆزى ئەكىلىپ يۈرۈپ ئوقۇتۇشقا قارىشىدۇ. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئەخمەتجاننىڭ ئاپىسى ئۆز ئاكىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. كېۋىر ئاكا بولسا ئەخمەتجاننىڭ ئوقۇشىغا بارغانسېرى قىزىقىپ قالىدۇ. ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇتىدۇ. شەرۋانىخان ئانىنىڭمۇ ئوغلىنىڭ بېرىلىپ ئوقۇغىنىغا مەستلىكى كېلىدۇ، شۇڭا، ھارغان-ئاچقىنىغا قارىماي، ئوغلىنىڭ ئالاھىدە ياخشى ئوقۇشى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئىشىكىدە كىر-قات يۇيۇپ، نان يېقىپ، ئېرىشكەن پۇل-پىچەكلىرىنى ئەخمەتجانغا خىراجەت قىلىپ بېرىدۇ.

ئەخمەتجان باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۇدا ئەلا ئوقۇپ پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئەقىللىق بالا بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى بايقىغان كېۋىر ئاكا ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر مېھرىبانلىق قىلىدۇ ۋە ئامراقلىقى كۈنسېرى ئاشىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئەخمەتجاننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇتۇش قارارىغا كېلىدۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەرۋانىخان ئانىنى كېسەل چىرماپ، تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئېسىدىن كېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئەخمەتجان ئاپىسىنىڭ يېنىدىن نېرى بولمايدۇ. تۇللۇق ۋە يېتىملىك ئانا-بالىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئەخمەتجان ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئاپىسىنىڭ ئەيىنى چاغلاردا ئېيتىپ بەرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى، تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئەسلەپ، ياش قەلبىنىڭ قانچىلىك

دەھشەتتە ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئاپىسىنىڭ ئېيتـ-قىنى بويىچە ئوقۇشتىن قىلچە باش تارتماي ئۆگىنىدۇ، زادىلا سۇسلىشىپ قالمايدۇ. تېخىمۇ يۇقىرىراق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەلىي كىتاب ئوقۇش مەشغۇلاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نەتىجىدە بۇنى كۆرگەن كېۋىر ئاكىسىنىڭ ئەخمەتجاننى «باشقا چوڭ شەھەرلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتسام» دەيدىغان ئىشتىياقى قوزغىلىدۇ.

## بىلىم ئېلىش يولىدا

1926 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، يەركەنت دېگەن شەھەردە تۇرۇپ قالغان تاغىسى (تەرەققىيـ-پەرۋەر) ئۆمەر قاسىم تىجارەت بىلەن ئۆز ئاكىسى كېۋىر-نىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ قالىدۇ. ئۇ، كەلگەن كۈنىدىن باشـ-لاپ ئەخمەتجاننىڭ داۋاملىق بىر ئىش (ياكى كىتاب كۆرۈش، يا ئەمگەك قىلىش) بىلەن بەند بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھېيرى چۈشۈپ قالىدۇ. كېۋىر ئاكىسىنىڭ سۆزى ئارىسىدا ئەخمەتجاننى چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇتۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنىمۇ سېزىۋالىدۇ ھەمدە ئەخمەتجاننى ئاكىسى كې-ۋىرنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەكىتىش قارا-رىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1934 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇنى ئاپىسى بىلەن بىللە ئەكىتىپ، تاشكەنت شەھىرىدىكى دارىلـ-ئېتامغا ئوقۇشقا بېرىدۇ. دەل شىنجاڭدا ئاپرېل ئۆزگىرىشى بولۇپ، مۇستەبىت جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغان، يېڭى شىنجاڭنى



تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بەزى ئىلغار سىياسىي پروگراممىلىرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان دەۋر ئىدى. شۇڭا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئەخمەتجاندىن باشقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي- مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىنجاڭلىق بىر تۈركۈم ياشلار تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى. ئەنە شۇ 1 - قە-رەللىك شىنجاڭ سىنىپىدا ئەخمەتجانمۇ ئوقۇدى. ئۇ، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئوقۇش نەتىجىسى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ، بۇ مەكتەپنىمۇ ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈردى (شۇ قەرەللىك ئوقۇشتا تاشكەنتتە ئوقۇغانلارغا «تاشكەنت-چىلەر» دەپ نام بەردى ھەم شۇنداق ئاتالدى). 1 - قە-رەللىك تاشكەنتچىلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىن-جاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قايتقان بولسىمۇ، ئەخمەتجاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئائىلىسى شۇ يەردە بولغانلىقتىن، ئەخمەتجاننىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوقۇش ھەم تىل ئۆگىنىش ئارزۇسىنىڭ كۈچ-لۈكلۈكىنى بايقىغان تاشكەنت ساگو ئىنستىتۇتى ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەكتەپنىڭ تۈزۈمى بويىچە دىپلومىنى ئۆز قولىغا بەرمەي، ئۇنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئاساسەن يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا يوللىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەخمەتجاننى ئەپقېلىپ 1937 - يىللىق ئوقۇش مەۋسۇمىدە موسكۋا شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئەخمەتجان مەكتەپتە ئا-ساسەن چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. بولۇپمۇ رۇس تىلىنى ناھايىتى پىششىق بىلىۋالىدۇ. ئۆزى پىششىق بىلىدىغان تارىخ، تىل - ئەدەبىيات قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن ئاساسىنى

چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىپ، چەت ئەل كىتابىي بىلىملىرىنى ئالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. ئۇ ئىگىلىگەن بىلىملەر ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ماكانى، سۆيۈملۈك ۋەتىنىگە قايتىپ بېرىپ، ئۆز ۋەتەنداشلىرى بىلەن بىللە ۋەتەن تەقدىرىنى ئويلاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىگە 1942- يىلى كەچ كۈزدە چۆچەك ئارقىلىق قايتىپ كېلىدۇ.

## جاھالەت بىلەن ئېلىشىش

ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا شىنجاڭدا جاللات شېڭ شىسەي قانلىق قىلىچىنى ئويىنىتىپ جاڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ سۇيىقەست، زوراۋانلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئۇ شىنجاڭدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى، ھەرمىللەتتىن بولغان كۆزگە كۆرۈنگەنلا ئىلغار مۆتىۋەر، نوپۇزلۇق زاتلارنى ئۈزلۈكسىز قولغا ئېلىپ، فاشىستىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆز قول ئاستىدىكى ئىشپىيونلۇق تورلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ قۇرىدۇ. ئەنە شۇ غالجىر، خائىن گۇماشتىلىرى ئارقىلىق بارلىق ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنى تۇتقۇن قىلىشنى كۈچەيتىدۇ. بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەت، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈسكە كىرىدۇ.

قاراڭغۇلۇق، مۈشكۈلاتلار ئىچىدە ئىنسان ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسە يەنىلا بىلىمدۇر. بىلىم شۇنداق كۈنلەردە ھاياتنى توغرا يولغا باشلىغۇچى مەشئەل بولالايدۇ.



ياش ئەخمەتجاننىڭ قەلبىنى ئۆزىنىڭ تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئۆگەنگەن بىلىمى ئالىيجاناب، مەردانە بولۇشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭا ئۇ چۆچەكتىكى دۈشمەن قورشاۋلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئانا ۋەتەن تۇپرىقىدا ئۇچراتقان بىر قېتىملىق دۈشمەن سۇيىقەستىنى بۆسۈپ چىققىشتەك رېئال تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى بىلىملىك بولۇشنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى، بىلىم ئەھلىلىرىدىن دۈشمەننىڭ قورقۇپ، قامال قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ فامىلىسى (چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى) «ماخمۇت»نىڭ ئورنىغا «ئاق - قارىنى تونۇتقان»، «تەربىيىلەپ يېتىلدۈرگەن» تاغىسى ئۆمەرنىڭ فامىلىسى «قاسىم»نى قوللىنىپ، غۇلجىغا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ ئۆزىنى «ئەخمەتجان قاسىمى» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇ يىللاردا، غۇلجا شېڭ شىسەي باندىتلىرىنىڭ دەھشەتلىك سۇيىقەست - زىيانكەشلىك تورلىرى بىلەن ئورالغانىدى. شېڭ شىسەي غۇلجا شەھىرى ئۈستىدە مەخسۇس باش قاتۇرۇپ، غۇلجا شەھىرىدىكى زىيالىيلارنى، ئاما ئىچىدە تونۇلغان كىشىلەرنى بىراقلا يوقىتىش لازىم، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئارقىدىنلا جاللات لى يىڭچىڭنىڭ ئورۇنباسارى، جاللات لىۋ بىندى (خۇيزۇ)نى غۇلجىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ، كەلگەن كۈنىدىن باشلاپلا شېڭ شىسەينىڭ قانلىق قولى بولۇپ قالىدۇ.

ياش ئەخمەتجان قاسىمى چۆچەكتىكى جۇدۇن - چاپقۇن ئىچىدە دۈشمەننىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەچكە، ناھايىتىمۇ ئاددىي، نادان قىياپەت

بىلەن كۆرۈنۈش مەقسىتىدە كىچىك دادىسى نادىر ئاكىنىڭ
ئۆيىگە چۈشۈپ، بىر مەزگىلگىچە يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ.
كېيىنچىرەك ناسىر ئاكا ئۇنى ئۆزىنىڭ جامائەت ئىچىدىكى
ئابرويىغا تايىنىپ، ئۆزى بىلىدىغان غوپۇر جارۇللايوۋ
دېگەن يىگىت باشچىلىقىدىكى مەشرەپ - بەزمىلەرگىمۇ
بىللە ئاپىرىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شۇ چاغلاردىكى
قىياپىتى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ.
شۇ چاغدىكى مۇدھىش ۋەزىيەتتە بىخۇدلۇق قىلىشنىڭ
زىيان - زەخمەت كەلتۈرىدىغانلىقى، خەتەرنىڭ ھەر ۋاقىت
پايلاپ يۈرگەنلىكى ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدى. كومپارتىيە
ئەزالىرى، ئىلغار زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە يەرلىك
تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ تىزىملىكىنى ئۆزى بىلەن بىللە
ئەكەلگەن جاللات لىۋ بىندى غۇلجا شەھىرىدە «ئىرپۇسسىز-
لارنى يىغىش» بۇيرۇقىنى چىقىرىپ، غالجىرلىق بىلەن
ئاختۇرۇپ، غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە دەھشەت-
لىك بالايىئاپەتلەرنى ياغدۇرۇۋاتاتتى. زۇلمەتلىك كۈن-
لەر يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
غۇلجىغا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، ئۇ،
جامائەتكە ئارىلىشىپ قالغان، ھەتتا ناسىر ئاكىنىڭ مەش-
رەپ ئەھلىلىرىگىمۇ تونۇلۇپ قالغانىدى. شۇڭا، پايلاپ
يۈرگەن ھۆكۈمەت بىر كېچىدىلا «ئىرپۇسى يوق» دېگەن
باھانە بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنى تۇتقۇن قىلىدۇ. قىسقا
ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىراتلار ئېلىپ، ئۇنى
ياخشى كۆرۈپ قالغان جامائەت ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىغا
نارازى بولۇپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. ھەپتە ئۆتمەي ناسىر



ئاكىنىڭ باش قاتۇرۇشى بىلەن غوپۇر جارۇللايوۋ باشچىلى-
قىدىكى ئەل - ئاغىنىلىرى ئىرپۇس تارقاتقۇچى ساقچى
ئەمەلدارلىرىنى پارا ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىدۇ. بەزىلىرى
ئۇنىڭ تۇتقۇن بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى
دەلىل - ئىسپاتلارنى تاپىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئەخمەتجان
قاسىمىغا كېپىل بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ. نەتىجىدە،
ئۇنى تۈرمىدىن ساق - سالامەت قايتۇرۇپ چىقىدۇ.

ياش ئەخمەتجان قاسىمى جاھالەت تۈرمىسى ئىچىدە
ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، زالىملار-
غا نەپرەت ھەم ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتى-
دۇ. ئۇ تۈرمىدىن قايتىپ چىقىشى بىلەنلا ئازاب - ئوقۇبەت
ئىچىدە ھەسرەت چېكىۋاتقان خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا
ئورتاق بولۇشنى ئويلاپ، خەلق ئارىسىغا بېرىپ، ئاممىنىڭ
مەنىۋى ھاياتىنى، ماددىي تۇرمۇشىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىش-
كە كىرىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ، دەسلەپتە «مەدىكارلار بازى-
رى»غا بېرىپ، مەدىكارچىلىق قىلىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پاي-
دىلىنىپ يېتىمچى، مۇساپىرلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ،
ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. ئارقىدىن يەنە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ
ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىدىكى پارازىتلىقنى بايقاش يۈزىسىدىن ئەينەك-
چىلىك، ياغاچچىلىق قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈ-
نۈشتە ئۇنىڭ تۇرمۇش يولى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەمئى-
يەتنى تەكشۈرۈش، خەلقنىڭ ئاھ - زارىغا يېتىش يولىنى
تېپىۋېلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. شۇڭا، ئەخمەتجان قاسىمى

تاللىۋالغان بۇ يول — ئۆزىگە خەلقنىڭ ھاياتىنى ئەينەكتەك روشەن، ئېنىق كۆرسىتىپ قاششاقلىق، جەبىر - زۇلۇم، تەڭسىزلىكنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىنى ھەقىقىي تونۇتتى. ئەمما، تۇشمۇ تۇشتىن يېپىلىۋاتقان جاھالەت تورلىرى ئۇنىڭغا ئۆگىنىش پۇرسىتى ۋە ئارزۇسى بويىچە، خەلققە ئەمەلىي خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتى بەرمەيتتى.

1943 - يىلىنىڭ باش باھار چاغلىرى. ئەكسىيەتچى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشپىيون - ساقچىلىرى يەنە بىر قېتىم ئۆي ئاختۇرۇش - ئادەم تۇتۇشنى ئېلىپ بارغاندا، ئەخمەتجان قاسىمغا «يوشۇرۇن ۋەرەقە تارقاتتى، ئادەم توپلىدى» دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ، يەنە تۇتقۇن قىلدى. ئۇ، دەسلەپتە ئۈچ ئاي چامىسىدا غۇلجا تۈرمىسىدە (ھازىرقى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا)، كېيىن ئۈرۈمچى تۈرمىسى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن بوغدا مۇنچىسى ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان تۈرمە)دە خىلمۇ خىل ۋەھشىيانە قىيناش، جازالاشلارغا ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇ قىيىن - قىستاقلار ئۇنىڭ خەلق، ۋەتەنگە بولغان پاك، سادىق، قەيسەرانە ئاڭلىق ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرالمايدۇ. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى بىر يىل تۈرمىدە ئازابلىغاندىن كېيىن، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، ئاخىر قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىر يىللىق تۈرمە ھاياتى، ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان تۈرمىداشلارنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى ئۇنىڭ چىرىك ھۆكۈمەتكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ھەسسىلەپ ئۇلغايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ،



جەڭگە ئاتلىنىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ.

ئۇ 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتكە قارشى بىر تۈركۈم ئىنقىلابچىلار بىلەن تونۇشىدۇ. شۇلار ئارقىلىق ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىدىن خەۋەر تاپىدۇ. كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ 2 - قېتىم تۈرمىدىن چىققىنى ئۇنى تونۇيدىغانلار ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق بولىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ، جۇشقۇنلۇق ئىنقىلابىي جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، دۈشمەن بىلەن مۇرەسسە قىلىشماسلىقتەك جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە بولىدۇ.

## ئىنقىلابىي ھېسداشلىق

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، يار - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن سالامەت كۆرۈشىدۇ، تۇرار جايى يەنىلا ئۆز تاغىسى ناسىر ئاكىنىڭ ئۆيى بولىدۇ.

ناسىر ئاكا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يىغىشلاپ، يېقىن بىر كىشىنىڭ ئات - ھارۋىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ بېرىدۇ، ئۇنى كۆمۈرچىلىك قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىش يولىغا سالىدۇ. ئۇ، خاڭدىن كۆمۈر ئەكىلىپ سېتىپ يۈرگەچ، خاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى ھارۋىسى بۇزۇلۇپ، ھاردۇق يېتىپ

قالغان كۈنلەرنىمۇ بوش ئۆتكۈزمەستىن، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مائارىپ ئىدارىسىگە قاراشلىق كىتابخانىسىغا كىرىپ كىتاب كۆرۈش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، كىتابخانىدا بىرنەچچە تىللىق قامۇسلار، كلاسسىك ئەسەرلەرلا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بۇ كىتابلارنى زېھىن قويۇپ ئوقۇشىنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ ئەيىنەكچىنىڭ بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىگە ھەيران قالاتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى «ياردەم» ناملىق مەكتەپ خوجىلىق بۆلۈمىدىكى بىلال مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئادەمنى ئارىلاپ مەكتەپكە كۆمۈر ساتقىلى كەلگەنلىرىدە ئۇچرىتاتتىم. شۇ چاغلاردا مەن بۇ ئادەمنىڭ خېلى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان. چۈنكى، بىزگە كۆمۈر ساتقانلىقى ھەققىدە ئىسچوت يېزىپ بەرگەندە، ئاز سۆزلەر بىلەنلا مەقسەتنى چۈشەندۈرۈپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولاتتىم. يازغاندىمۇ شۇنداق رەتلىك ۋە چىرايلىق يازاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم مەكتەپكە كۆمۈر سېتىشقا تولىمۇ خۇشتار ئىدى، مەكتەپكە ئالىمەن دېسەم، «بوپتۇلا ئېلىڭ» دەپ ئەرزانلا بېرىۋېتەتتى. شۇنىڭغا قاراپ، بۇ ئادەمدە بىر خىسلەت بارمۇ — قانداق؟ دەپ قالاتتىم. ئۇنىڭ ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغلاردا قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن.»

## ئۇلار «ئالتە ئوغرى» ئەمەس

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تاغىسى ئۆز ھۈنىرى بىلەن ئەل ئارىسىدا نامى چىققان ئادەم ئىدى. ئۇ ماھنۇرنىڭ



ئاتىسى ئابابەكرى ئاكا بىلەن تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتەتتى. 1945-يىلى ئۇلار قۇدىلىشىدۇ (ئەخمەتجان قاسىمى ماھنۇر خانىمغا ئۆيلەنگەن چاغدا 30 ياشلارغا كىرگەنىدى).

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يېتىشمەسلىك بولسىمۇ، يوقسۇللۇقنى بىلىندۈرمەي كۈن كەچۈرىدۇ. ئەمما شۇ كۈنلەردە، ئەخمەتجان قاسىمى ئارىلاپ بىرنەچچە كۈن ئۆيىگە كەلمىگەن كۈنلەرمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ماھنۇر خانىم ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئابابەكرى ئاكىلار:

— سىز ئۇنداق كۈنلەپ يوقاپ كەتمەڭ، بىز ئەنسىرەيدىكەنمىز. ھازىر خەلق ئارىسىدا «نىلقىدىن ئالتە ئوغرى چىقىپتۇ» دېگەن سۆز تارقىلىۋاتىدۇ، — دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارغا:

— ئەنسىرىمەڭلار، ئۇلار «ئالتە ئوغرى» ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇلار شۇ چاغدا بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ھەيران بولغانلىقىنى ھازىرمۇ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. دېمىسىمۇ ئاز ئۆتمەي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى نىلقا ناھىيىسىدە پارتلايدۇ.

## ئىنقىلاب يولىدا

بۇ ئىنقىلاب دەسلەپ نىلقا ناھىيىسىدىكى ئۇلاستايدىن باشلىنىدۇ. جەڭ سوپىتاي، قاراسۇلارغا يېتىپ كەلگەندە تېخىمۇ كېڭىيىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ.

1944-يىلى 7-ئۆكتەبىر كۈنى، قوزغىلاڭچىلار ئومۇمىيۈزلۈك جەڭ سىگنالى ئېلان قىلىپ، نىلقىغا بېسىپ كىردى. 3-نويابىر كۈنى جاھالەتكە ئوت ئاچقان مەردانە قوزغىلاڭچىلار نىلقىنى ئىگىلەپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى غەلىبە تەنتەنىسىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، 5-نويابىرغا كەلگەندە پاتىخ، ئەكبەر، غېنى، رەپىق، ئوسمان، نورى، مۇساجان قاتارلىق باتۇرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئازدىن كۆپىيىپ، گومىنداڭنىڭ قوراللىرى بىلەن قوراللىنىپ، چېچىلاڭغۇلۇققا خاتىمە بېرىپ، مۇنتىزىم ئەترەتلەرنى ئويۇشتۇرۇپ، نىلقىدىن غۇلجىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. 7-نويابىر كۈنى، غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى ئىنقىلاب يالقۇنى لاۋۇلداپ گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى سىلىڭبۇسى ۋە ۋالىي مەھكىمىسى تارمار قىلىنىدۇ. غەلىبە تەنتەنىسى ئىچىدە قۇرۇلغان ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گومىنداڭنىڭ مۇشۇ سىلىڭبۇسى ئورنىغا ئورۇنلىشىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە (ئۆزبېك)، مۇئاۋىنى ھېكىمبەگ غوجا، باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇملار بولدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، مويىدىن شەيخ، زۇنۇن تېيىپ، ھەبىب يۈنىچى، ئەنۋەر مۇسابايوۋ قاتارلىق بىرقانچە مۇھىم ئەربابلار غۇلجا شەھىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

2-قېتىملىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنى قايتا تەشكىللەپ



قۇرۇشتا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن مۇھەممەتجان مەخسۇم، تەشۋىقات ۋازارىتىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر مۇسابايوۋ، مالىيە ۋازارىتىنىڭ باشلىقى رەخىمجان سابىرھاجىيوۋ، ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ باشلىقى ئۆمەرجان يىرمەت، مۇئاۋىن باشلىقى جانى يولداشوۋ، بەيتۇلمال ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سالجانباي، خەلق دەۋا ئىشلىرىنىڭ باشلىقى ھەبىب يۈنىچى، مائارىپ ۋازارىتى ۋە گېزىتخانا باشلىقلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

دەسلەپتە ئارمىيىگە ئالېكساندىر باش قوماندان بولغانىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا مايور پەلىنوۋ بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېك باش قوماندان بولدى. شۇنداق قىلىپ، تەشكىلىي جەھەتتىن ھەربىي ئىشلار بىر ئىزغا چۈشكەن بىلەن، مەمۇرىي ئاپپاراتلار تېخى مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىنقىلاب مەنپەئەتى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، ھەبىب يۈنىچى، ھۈسەيىن مۇراتوۋ، رەخىمجان سابىرھاجىيوۋ، زۇنۇن تېيىپ، ئادىل شاھ، مەتىمىن كېرىموۋ، ئەنۋەر مۇسابايوۋ، جانى، نەسىرىدىن داموللا قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر خىل تۇسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈش ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئىنقىلابىي زىيالىي ۋە بىلىم ئەھلى بولغان لاياقەتلىك كىشىلەرنى كۆپرەك جەلپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كې-

يىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئاڭلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەنلىكتىن تەدرىجىي ياخشى ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئاپپاراتلىرىدا بىر مەھەل داۋام قىلىپ كەلگەن بوشلۇقنى، ئىلىم-مەرىپەتتىن خەۋەردار، لاياقەتلىك كىشىلەر بىلەن تولدۇرۇپ، تاكتىكا جەھەتتىن قوللىنىپ كەلگەن بەزى ئۇسۇللارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان بىرخىل نوقۇل پىكىر ئېقىمىدىكىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، سەپنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

شۇ سەۋەبتىن، ئىنقىلابنىڭ ئەڭ مۈشكۈل جىددىي پەيتلىرىدە خەلقنىڭ قان-ياش، دەرد-ئەلەم ئىچىدە ئۆتكەن مۇسىبەتلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ بەخت-سائادەتلىك يېڭى تۇرمۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ بىلىم ئېلىپ كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە يېقىنلىشىپ، مەزكۇر ھۆكۈمەت ئاشخانىسىدىكى ئەيسا ئۇستامنىڭ شاگىرتى (ياردەمچى ئاشپەز) بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ، بۇ ئۇلۇغ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ئۆز ئىشىنى زور مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. ئاشخانىدىكى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزى قىلىدۇ. نەتىجىدە ئاشخانىدىكى ئۇستىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئۇستىسى ئەيسا ئاكا پات-پات چاقچاق ئارىلاش:

— بۇ ئىشنى سىزلا قىلامسىز، — دەيدۇ.

— ماڭا ھەممىسى ئوخشاش، ئىنقىلابقا ھەسسە قوشسام بولدى ئەمەسمۇ، — دەيدۇ ئەخمەتجان جاۋابەن.



ئاشخانىدىكىلەرنىڭ كۆپى ساۋاتسىز ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئارىلاپ ئاشخانىدىكى ئۇستىلارغا گېزىت ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ ئارىلاپ رۇسچە گېزىتنىمۇ ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ بىرنەچچە تىل-يېزىق بىلىشتىكى ماھارەتلىرى ئاشپەز ئۇستىلار ئارقىلىق ئاشخانىدىن ھالقىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىنى سىناپ كۆرۈپ قايىل بولىدۇ-دە، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رۇس تىلى تەرجىمانلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى تەرجىمانلىق خىزمىتىگە قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ خىزمەت بىلەنلا بەند بولۇپ قالماستىن، يەنە بىر تەرەپتىن ماشىنىكىدا خەت باسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا-بارا ئاخباراتچىلىق ساھەسىدىمۇ كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى ئوقۇغان ھەر بىر كىشىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. بۇنى كۆرگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى رەھبىرىي خادىملار مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىدىغان ماقالە، ئۇقتۇرۇش، تېزىسلارنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈشكە ھاۋالە قىلىدىغان بولىدۇ. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆزدە تۇتىدىغىنى، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ يۆنىلىشىنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق تىرىشچانلىقى ۋە ئاكتىپ پائالىيەتلىرى، ئىنقىلاب مەنپەئەتى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ يۈكسەك مۇھەببىتىنى قوزغايدۇ. ئەمما، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئىچىد-

كى نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ ۋە ئەخمەتجان قاسىمىنى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئىچىدىن گېزىتخانىغا يۆتكىۋېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، بۇ ئىشتىن قىلچە مەيۈسلەنمەستىن، ئەكسىچە ئۆز بىلىمى بىلەن ئىنقىلابىي خىزمەتلەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، تەرجىمانلىق سېپىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ نەتىجە يارىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ماقالە يېزىپ ئاممىغا تەربىيە بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ھەتتا، ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇغان زىيالىيلار ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن پىكىر ئېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ، يېڭى دوست-يارەنلىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

1944-يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى 3-قېتىم رەتكە سېلىشنىڭ تەييارلىقى بولۇۋاتاتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ساپ ئەمەسلىكىنى، بەزى ئورۇنلارنى قابىلىيەتسىز كىشىلەر ئىگىلىۋېلىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا يۈتلىكاشاك بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئىنقىلابقا پايدىسىز بەزى ئاپپاراتلارنى قىسقارتىپ، ئالدىنقى سەپنى كۈچەيتىشكە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنىڭ ئىخچام لايىھەسىنى تۈزۈپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن ھەبىب يۇنىچىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ بېقىشى ئۈچۈن سۇنىدۇ. بۇ لايىھەنى ھەبىب يۇنىچى كۆرۈپ ئىنتايىن قىزغىن قوللاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يىغىن ئىشتىراك-



چىلىرى ئۇنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا بۇ لايىھەنى بىردەك قوللايدۇ ۋە شۇ بويىچە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى قايتىدىن رەتكە سېلىش ئۈچۈن قارار قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىغا قايىل بولغان ئېلىخان تۆرە: «ئارىمىزدا ياتقان گۆھەر ئىكەن» دەپ تەرىپلەپ، ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يەنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇۋالىدۇ. شۇ بويىچە، ھۆكۈمەت 3-نۆۋەت رەتلىنىدۇ. بۇ قېتىم مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشۋىقات ۋازارىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ھەربىي بۆلۈمگە ئەخمەتجان قاسىمى بەلگىلىنىپ، پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەخمەتجان قاسىمى بىر تەرەپتىن تاپشۇرۇلغان خىزمەتنى بەجانىدىل ئورۇندىسا، يەنە بىر تەرەپتىن رەئىسلەرنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەخمەتجان قاسىمى دېگەن نام بىلەن ئامما ۋە ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا تونۇلۇپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئىنقىلاب دەسلەپ پارتلىغاندا بىر مەزگىل بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى شۇئارلارنى، دىنىي قائىدە-يوسۇنلارنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، بۇ بىر ئۆتكۈنچى ھادىسە بولۇپ، ۋەزىيەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەقەززاسى ئىدى.

كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلابنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى بەلگىلەشتە: «تاكتىكا جەھەتتىن جۇڭگو

خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتنى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ يىراق چېگرا رايونىدىكى تايانچ بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بىلەن، دۈشمەننى ئارىغا ئېلىپ ھەم ئالدىدىن، ھەم ئارقىسىدىن زەربە بېرىشتەك ستراتېگىيىلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ دۈشمىنى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلغان بولىمىز» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

مانا بۇنىڭدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بايرىقى روشەن بولۇپ، ئۇ گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىگە قارشى كۈرەش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

1945-يىل 1-ئايدا، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خەلق دېموكراتىيىسىنى ئاساس قىلغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تىكلىنىدۇ. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىتابنامىسى جاكارلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئارقىدىنلا، بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابىي ئاپپاراتلارنى تولۇقلاش بىلەن بىرلىكتە، ئىنقىلابىي كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنى ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلىدۇ.

ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ: «بارلىق ياشلار ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشۇپ، غەلىبە ئۈچۈن ئالغا باسايلى»



دېگەن بېغىشلىمىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەشۋىق-تەربىيە ئىشلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. شۇنداقلا، ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بىر قېتىملىق ھەيئەت يىغىنىدا بارلىق ئىنقىلابىي پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە مۇراجىئەتنامە جاكارلاپ، 1945-يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ، لەڭشاڭ، ئايرودروملارنى تولۇق ئازاد قىلىپ، ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىللىنىشىگە شارائىت ھازىرلايدۇ. مىللىي ئارمىيە تەسىس قىلىشتەك بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى فرونت قوماندانلىق شتابى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىي سەپتىكى ياشلار ئىچىدە، بولۇپمۇ ئىنقىلابىي پارتىزانلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەربىي كومىتېتلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ھەر بىر جەڭچى-كوماندىرغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش بىلەن، ياشلارغا: ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، خەلق يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا، ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى سەممىي-ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنداشقا مۇناسىپ ئىدىيىۋى-تەربىيىۋى خىزمەت يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى مۇشۇنداق جىددىي كۈرەش يالقۇنلىرى ئىچىدە، ئازادلىق ئورۇشقا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئىنقىلابنى قوللايدىغان ياشلار-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «كۈرەش» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىدۇ.

بۇ ژۇرنالنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىن-

نىزىم ھەقىقەتتىن ئىبارەت بولغاچقا، مۇزاكىرە-ئۆگىنىش-لەردە مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيىنى دەۋر قىلغان ھالدا تەربى-يە ئېلىپ بېرىپ، ياشلارنى ئويغىتىش، يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ھۆكۈمەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەت-لىرىنى قوللاپ: «بۇ تەشكىلات شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلابىي ياشلىرىنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى بىرلەشتۈرۈپ (ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ)، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ئاۋانگاردى بولۇشى لازىم» دەپ يوليورۇق بېرىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەت-لىرىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئىزھارلاپ سۆزلىگەنىدە: «بىزنىڭ قوزغىلىڭىمىز — مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭ، شۇنىڭ-دەك بىزنىڭ قوزغىلىڭىمىز ئىنسانىيەتچىلىك مۇئامىلىسىدىن مەھرۇم بولغان خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ئەركىنلىك، ھوقۇق-لىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بولغان قوزغىلاڭ. جۈملىدىن بىزنىڭ قوزغىلىڭىمىز — خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان قوزغىلاڭ. سەۋەبى، بۇ قوزغىلاڭ-نى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى كۈچ (رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە بۇ قوزغىلاڭنى ئاخىرغا قەدەر ئېلىپ بارىدىغان كۈچ) بىلەن خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈچ — ئىككىسى بىر كۈچ» دېگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، گېنېرال دەلىلقان، ئابدۇكېرىم



ئابباسوۋ، سەيپۇللايوۋ، رەھىمجان سابىرھاجىيوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، ھەبىب يۈنىچى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، سەيپىدىن ئەزىزى، قېيۇمبەگ غوجا، غېنى باتۇر، پاتىخ مۇسلىموۋ، ئوبۇلخەيرى تۆرە، جاناي ۋە مەھەممەت ئىمىن لوزۇڭ قاتارلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە مۇناسى-ۋەتلىك پېشقەدەم زاتلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنقىلاب-چى ياشلار تەشكىلاتىغا پەخرى ئەزا بولۇپ كىردۇ. ئەتى-جىدە يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ تەشكىلات راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇ.

1945-يىل 4-ئاينىڭ 8-كۈنى، مىللىي ئارمىيىگە تۇغ تاپشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدۇ. بۇ مۇراسىمدا ئەخمەتجان قاسىمى خۇشاللىق بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز، تارىخىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلابىي قوشۇن تەشكىل قىلدۇق. بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى كۈچلۈك، غايىسى ئۇلۇغ، ئىنتىزامى مۇستەھكەم بولۇپ ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى، باراۋەرلىكى، تەڭلىكى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى، بارلىقىنى بېغىشلىغان... بىز مۇشۇ ئۇلۇغ كۈنلەردە قولىمىزغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش باشلىدۇق... بىزنىڭ مەقسىتىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئەمەلدىكى ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يۈنىلىشىمىز ئادىل تىنچلىق ۋە ھەقىقىي خەلقچىللىقنى بەرپا قىلىشقا قارىتىلىشى لازىم... بىزنىڭ مىللىي قىسىم-لىرىمىز بىر مىللەتنىڭلا مىللىي قىسمى ئەمەس، بەلكى ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي قىسمى. شۇنىڭ

ئۈچۈن، بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىز مىللەتلەرنىڭ باراۋەر-
لىكىنى، ئەركىنلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن كۆرەش
قىلىدۇ. ھەر مىللەت خەلقلىرى بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىز-
نى ئۆزىنىڭ پەرزەنت قوشۇنى دەپ ھۆرمەت قىلىدۇ.
چۈنكى، بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىز ئەركىنلىكنى سۆيگۈچى
خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئارزۇسى بولغان خەلقچىللىق، بارا-
ۋەرلىك، تەڭلىك ھوقۇقلارنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ۋە
مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. مانا مۇشۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ
ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئارمىيىمىزدە پولاتتەك مۇستەھ-
كەم ھەربىي ئىنتىزام بولۇش بىلەن بىللە ھەر تەرەپلىمە
ھەربىي-سىياسىي بىلىم بولۇشى لازىم. بىزنىڭ ئارمىيە-
مىزدە ئېلىپ بارىدىغان تەلىم-تەربىيە ۋاجىبىمىز — جەڭچى-
كوماندىرلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەر، ھەقىقانىيەتچى قىلىپ
تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بىز ئېزىلگەن خەلق؛ ئېزىلگۈچى
خەلق زۇلۇمىدىن ئازاد بولۇشنى خالايدۇ. ۋەھالەنكى،
بىز ئارمىيىمىزگە تەربىيە بەرگەندە، بىر مىللەتنى ئەلا،
يەنە بىر مىللەتنى پەس، بۇ مىللەتنى تاجاۋۇزچى، يەنە
بىر مىللەتنى تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇچرىغۇچى دەيدىغان چۈشەن-
چىدە بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. مېنىڭ مۇنداق
دېگىنىم، تاجاۋۇزچى مىللەت ئەمەس، مىللەتنى ساتقۇچى بىر
تۈپ مىللەتارىستلار، بيۇروكرات ئاپپاراتقا تايانغان مۇستەبىت
ئۇنسۇرلاردۇر. ئۇلارنىڭ مىللەتكە ۋەكالىتەن سۆزلىشىگە
ھېچقانداق ھەققىمۇ يوق، مىللەتكە ۋەكىلمۇ بولالمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىمىز،
خەلقىمىزنىڭ باراۋەرلىك ۋە تەڭلىكى توغرىسىدىكى ھەققا-



نىي تەلەپلىرىمىزنى دەپسەندە قىلىپ كەلگەن بىر تۈركۈم
زومىگەر «چىنوۋنىك» ① لارنى پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنىڭ
ۋەكىلى دەپ قاراش توغرا بولمايدۇ. بۇ بىردىكى دارىنلار
بىزنىڭ قانچىلىك دۈشمىنىمىز بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ
شۇنچىلىك دۈشمىنىدۇر... شۇنداق قىلغاندىلا بىزنىڭ ياش
قوشۇنىمىزنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشقا
مۇناسىپ ئاڭغا ئىگە قىلالايمىز.»

ئۇ يەنە مۇراسىمدىكى سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ:
«بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى، پۈتۈن
شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
زۇلۇمى ئاستىدا كۆلپەت چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى
ئازاد قىلىش. شۇ چاغدىلا بىزنىڭ بۇ ياش قوشۇنىمىز
ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ»
دېگەندە، پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار كۆككە
ياڭرايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇلۇغ مۇراسىمدا مىللىي ئارمىيىنىڭ
ھەربىي قىسىملىرىغا توغ تاپشۇرۇش رەسمىيىتى
باشلىنىدۇ.

قائىدە بويىچە ھەر بىر پولك كوماندىرى ھەربىي
فورمىلىرى بىلەن تەرتىپ بويىچە كېلىپ، ئۆز قىسمىغا
ۋەكالىتەن توغ تاپشۇرۇۋېلىپ، قەسەمياد قىلىشىدۇ.
بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يىغىنغا قاتناشقان مىڭلىغان-ئون-
مىڭلىغان ئامما پەرزەنت قوشۇنلىرىغا ياخشى تىلەك-ئارزۇ-
لىرىنى بىلدۈرىدۇ. مۇراسىمدىن كېيىن، ياش مىللىي

① چىنوۋنىك — ئوردا ئەمەلدارلىرى — ت.

ئارمىيە ئۆز يۆنىلىشلىرى بويىچە ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ.

دېمەك، 8-ئاپرېل ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان كۈنى، ھەرقايسى قىسىملارغا پولك تۇغى تاپشۇرۇلۇش بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شۇ كۈنگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن پارتىزانلىق ئۇرۇش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلىپ، مۇنتىزىم قوشۇن شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ياش پەرزەنت قوشۇنى بولغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ قارارىغا بىنائەن سەپەرگە ئاتلانغاندا، ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ: مەركىزىي فرونت (ئوتتۇرا يۆنىلىش دەپ ئاتالدى) ئۈرۈمچىگە بارىدىغان چوڭ يۆنىلىش بولۇپ، جىڭ، شىخو ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا؛ شىمالىي يۆنىلىش (شىمالىي فرونت دەپ ئاتالدى) چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا؛ جەنۇبىي يۆنىلىش (جەنۇبىي فرونت دەپ ئاتالدى) جەنۇبىي شىنجاڭ — ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ئاتلىنىدۇ.

دېمەك، ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى قانۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەممە ئىشنى ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلىدۇ. شۇ ئاساستا ئۈچ ئاي جەڭ تەييارلىقى ئېلىپ بېرىلىپ، باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، قىسىملار شۇ يىلى 3-



ئايدىن 8-ئاينىڭ 12-كۈنىگە قەدەر ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىغا يۈرۈپ كېتىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىغا بېرىپ، ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېت نامىدىن ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىدۇ. نەتىجىدە، كۆپ ئۆتمەيلا ھەرقايسى فرونتلاردىن غەلىبە خەۋەرلىرى كېلىشكە باشلايدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايىتى 1945-يىل 5-ئايدا، ئالتاي ۋىلايىتى 1945-يىل 9-ئاينىڭ 5-كۈنى، شىخو ناھىيىسى 1945-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى، جىڭ ناھىيىسى 1945-يىل 9-ئاينىڭ 9-كۈنى ئازاد قىلىنىدۇ. مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي يۆنىلىش قىسمى 1945-يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى باي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، 9-ئاينىڭ 2-كۈنى باينى ئازاد قىلىدۇ. 6-كۈنى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

بۇ شانلىق غەلىبىلەر — ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ سىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە، ياش مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى غەلىبىلىك ئادا قىلىشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، بىر لىنىيە بولۇپ تۇتىشىدۇ. گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ ئۇۋىسى بولغان ئۈرۈمچى شىمالىي ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشكەن ئەھۋال ئاستىدا، گومىنداڭچىلار ئەمدى ئۇرۇش-

نىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ئويلاشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ، 1944 - يىلى 11 - نويابىر كۈنى، گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى سېلىڭبۇسى ئىشغال قىلىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان كۈنىدىن 1945 - يىلى 10 - ئايغا قەدەر بولغان 12 ئاي ۋاقىت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش ھالىتى ساقلانغان ئۆتكۈنچى دەۋر ھېسابلاندى. بۇ جەرياندا، گومىنداڭ شىمالىي شىنجاڭدا ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتىزانلىق ھەرىكىتى پارتلاپ، گومىنداڭچىلار تالاپەتكە ئۇچراپ تۇردى. مۇشۇ بىر يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا، مىللىي ئارمىيە 20 مىڭ مىلتىق، نەچچە يۈز ئېغىر-يېنىك پىلىموت، 100 دىن كۆپرەك چوڭ-كىچىك مىناميوت، 50 كە يېقىن چوڭ-كىچىك زەمبىرەك، تۆت برونىۋىك، ئۈچ تانكا، توققۇز ئايروپىلان ۋە مىڭلاپ ساندۇقلاردا ئوق-دورا، گىرانات قاتارلىقلارنى غەنىيمەت ئالدى.

بۇ بىر يىللىق ئۇرۇش جەريانىدىكى مەغلۇبىيەت گومىنداڭنىڭ مەركىزىنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

نەتىجىدە، كېلىشىمگە ئاساسەن 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ماناس دەريا كۆۋرۈكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىسى قىلىنىپ بەلگىلىنىشى بىلەن مىللىي ئارمىيە كۆۋرۈكنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئورۇنلىشىدۇ. گومىنداڭ قوشۇنلىرى بولسا، كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا قايتا



كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتىكى جەڭ ئاياغلىشىپ، تىركىشىش، بىر-بىرىگە تاقابىل تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ.

## «سۆھبەت» ئۈستىلىدىكى كۆرەش

ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە سادالىرىدىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تازىمۇ ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، ئامالسىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، «سۆھبەت ئارقىلىق تەلەپلىرىڭلارنى ئورۇندايمىز» دەپ ۋەكىل ئەۋەتكەنىدى. شۇڭا 1945 - يىل 10 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. مانا مۇشۇ ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كەلگەندە، ئەخمەتجان قاسىمى سۆھبەتكە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئۆز ئىرادىسىنى نامايان قىلىدۇ. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۈستىلىگە ئولتۇرغاندا، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە ئورۇنۇپ، تىنچلىق دېگەن سۆز بىلەن ۋەكىللىرىمىزنىڭ ھەققانىي تەرەپلىرىنى قامال قىلىشقا ئورۇنىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى:

— بىز ئۆلكىمىزدە ئەبەدىي تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن، تىنچسىزلىق پەيدا قىلدۇق. بىز تىنچسىزلىقتىن خەلقىمىزگە تىنچلىق ئىزلەپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى:

— بىزگە ھاياتلىق كېرەك، بىز ھاياتلىقنى ئۆلۈمدىن ئەزىز بىلىمىز، — دەيدۇ.

جاڭ بۇجاڭ:

— يەنە قايتىلاپ تىنچلىق كېرەك، — دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى:

— بىزنىڭ تەكرار ئىزلىگىنىمىزمۇ شۇ، — دەپ ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى رەت قىلىدۇ.

جاڭ بۇجاڭ سۆزىنى يۆتكەپ:

— بىرلىك، — دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال:

— شەرتى بار، — دەيدۇ.

— شەرتىڭىز نېمە؟

— مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقىي باراۋەرلىكى ۋە خەلقچىل سىياسەت.

— شەرتىڭىز قوبۇل قىلىنسا، ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق، بىرلىك تەمىن ئېتىلەمدۇ؟

— بىز كېپىل.

ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاتاقلىق سىياسىي ئەربابلىرى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى ھىيلە-مىكىر بىلەن تولغان دىپلوماتلىرى ئالدىدا، خەلقىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، مۇنداق دېگەنىدى:

— جانابىي جاڭ بۇجاڭ بىرلىك ئىزلەيدۇ. بىز ھەقىقىي خەلقچىللىقنى ئىزلەيمىز. جاڭ بۇجاڭنىڭ خالايدىغىنى تىنچلىق، بىزنىڭ خالايدىغىنىمىزمۇ تىنچلىق، تىنچلىقنىڭ شەرتى خەلقچىللىق. بىرلىكنىڭمۇ شەرتى خەلقچىللىق،



خەلقىمىزنىڭ ئىزلىگىنىمۇ تىنچلىق. تىنچلىقنىڭ ئاساسى خەلقچىللىق. ئەمدى، مەركەزنىڭ ئىزلىگىنىمۇ بىرلىك، بىرلىكنىڭمۇ شەرتى خەلقچىللىق. دېمەك، تىنچلىق ئىزلىگۈچى خەلقىمۇ خەلقچىللىق كېرەك. تىنچلىق ئىزلىگۈچى مەركەزگىمۇ خەلقچىللىق سىياسەتنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.

گومىنداڭنىڭ مەشھۇر دىپلوماتى جاڭ جىجۇڭ بۇ ئۆتكۈر سىياسىئونىنىڭ ئاغزىدىن چىققان، ئەسىرلەردىن بېرى ھېچكىم قىلالمىغان سۆزلەرنىڭ ئۆزىنى ئۈزۈلدۈرمەستىن بومباردىمان قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ خىيالغا كېتىدۇ. ئۇ: «شىنجاڭدا تارىختىن بۇيان ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن مەنچىڭ خاندانلىقى، زو زوڭتاڭ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ قوللىنىپ كەلگەن ستراتېگىيىسى، شۇ زامانغا مۇناسىپ بولسا كېرەك. ئەمدى بۇ خەلقنى مەككارلىق بىلەن دامغا چۈشۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تاكتىكا جەھەتتىن يېڭى بىر ئۇسۇلنى تېپىشتا ئەمدىكى بىردىن-بىر ئۈنۈملۈك چارە خەلقنىڭ باراۋەرلىكى، تەڭلىكىنى يولغا قويۇپ، ھەقىقىي خەلقچىللىق سىياسەتنى يۈرگۈزۈش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. تەرجىمان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نۇتقىنىڭ داۋامىنى تەرجىمە قىلىشقا باشلايدۇ. جاڭ بۇجاڭ بۇ چاغدا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىتىم ۋە سىياسىي پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ راھەت بېغى قىلىپ

قۇرۇپ چىقىشقا ۋەدە بېرىمەن، — دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى يەنە سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ:

— 1945-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى، جياڭ ۋېييۇەن-جاڭ دۆلەت مۇداپىئە ھەيئىتىدە ۋە گومىنداڭ مەركىزىي دائىمىي ھەيئەت بىرلەشمە يىغىنىدا، 4-نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويغان: «خەلقئارادىكى مىللەتچىلىك ھەل قىلىندى. ئۇيغۇرلارمۇ مىللەتچىلىكنى ھەل قىلىشى كېرەك. ئۇلارغا تۇتقان سىياسەت — ئۇلار مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقانداق مىللەتلەردە ھازىرلانمىغان ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلارغا ياردەملىشىمىز، ئۇلارنى ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز لازىم» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن، خەلقىمىز ئىنتايىن مەمنۇندۇر. شىنجاڭ خەلقى يۇقىرىقى كۆرسەتمىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيە تەۋەلىكىگە ئىگە. يۇقىرىدا ئېيتىلغان يۈكسەك ئاپتونومىيە دائىرىسى ئىچىدە، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشى قانۇنغا مۇۋاپىق ھەرىكەت، — دەيدۇ.

1946-يىل 11-ئاينىڭ 13-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 2-قېتىم ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە كەلگەندە، تۆۋەندىكى 11 ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىرىنچى: قوراللىق توقۇنۇش ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە مەمۇرىي باشلىق سايلاپ چىقىش لازىم.



ئىككىنچى: دىنىي ئېتىقادنىڭ كەمسىتىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى: دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى مۇسۇلمانلار يېزىقىدا بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى: باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەردە مۇسۇلمانلار يېزىقى قوللىنىلىشى، ئاممىۋى مائارىپ كەڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشى لازىم.

بەشىنچى: مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى بەلگىلىنىشى لازىم.

ئالتىنچى: نەشرىيات، يىغىلىش، سۆز ئەركىنلىكى بەلگىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

يەتتىنچى: خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بويىچە باج-سېلىق بەلگىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. لېكىن، بۇ خىل مەجبۇرىيەت شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ راۋاجلىنىش دەرىجىسىگە توسقۇن بولماسلىقى كېرەك.

سەككىزىنچى: سودىگەرلەرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

توققۇزىنچى: ھەرقايسى رايونلاردا مىللىي قوشۇن

تەشكىل قىلىشقا يول قويۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان قوشۇن، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. قوشۇننىڭ مەشغۇلاتى ۋە بۇيرۇقلار ئۇيغۇر - قازاق تىللىرىدا يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئونىنچى: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇشى كېرەك.

ئون بىرىنچى: ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغىلاڭغا قاتناشقان مۇسۇلمان ئەرباپلىرى بىردەك سۈرۈشتۈرۈلمەسلىكى كېرەك. زىيانكەشلىك، ئۆچمەنلىك قىلىنماسلىقى لازىم. قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە، ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغىلاڭغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر بوشىتىلىشى كېرەك.

بۇ تەلەپكە ئاساسەن، 1946 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلەشتى. ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى تەدرىجىي يېقىنلىشىپ، ئەڭ ئاخىردا جاڭ جىجوڭ ۋەكىللىكىدىكى گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولۇپ، «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىدۇ. (شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ 15 - سانىغا قارالسۇن).

× ×

11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى ئەكسىيەتچىل دائىرىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىغا



داۋاملىق تاقابىل تۇرۇپ، بىتىمنى يولغا قويۇش جەريانىدا، «ھەرقانداق چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىك خەلققە پايدىسىز. بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزنىڭ بارلىق كۈچى جۇڭگودىكى مۇستەبىت سىياسەتكە (مىللىي زۇلۇمغا - تەڭسىزلىككە) قارشى قارىتىلىشى ۋە ئۇ سىياسەتنى يۈرگۈزگۈچى جۇڭگو فېئوداللىزم قالدۇقلىرىغا، ئۇنىڭ قولچوماقلىرى بولغان مىلىتارىستلارغا ھەمدە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بولغان گومىنداڭغا قارشى قارىتىلغان بولۇشى كېرەك» دەپ، ئىنقىلابىي كۈرەشنى توغرا يولغا يېتەكلىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ھامان ئىنقىلاب تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان، نىشانىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان لوشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ تۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «بىتىم» جەريانىدىكى جاپالىق ئەجرى، ئەقىل - پاراسىتى ئاز بولمىدى. چۈنكى، 11 ماددىلىق بىتىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەر جەريانىدا، ئەخمەتجان قاسىمى خەلق ئارىسىغا داۋاملىق چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەھۋال ئىگىلەيتتى، جايلاردىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشەتتى، ماقالە - خەت يازاتتى، يىغىنلارغا قاتنىشاتتى، نۇتۇق سۆزلەيتتى، يەنە گومىنداڭچىلار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ كۈرەش قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى بىتىم جەريانىدىكى سۆھبەتلەردە گومىنداڭنىڭ سىياسەتچىلىرى ئالدىدا قىلچىمۇ تەمتىرەپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئەجەللىك يېرىگە خەنجەر ئۇرالىغانىدى. مۇشۇ پەيتلەردە ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلغان يەتتە ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ

زۇلمى، زورلۇق - زومبۇلۇقىدىن ئىبارەت ئىستىبدات سىياسىتى ئەۋج ئېلىشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقلىرىمۇ گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقلىرىغا قارشى تۇرۇپ، هەر خىل نامايىشلار ئارقىلىق «11 ماددىلىق بىتىم»نى ۋە ئىنقىلابىي ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى قوللىدى.

ئۈچ ۋىلايەت پېشقەدەملىرىدىن يولداش ماغاۋىيە ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «گومىنداڭ مەركىزىي هۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمدىن سوراپتۇ:

— بىز ئەركىنلىك بېرىۋاتساق، توختامنى («11 ماددىلىق بىتىم»نى دېمەكچى) ئىجرا قىلىۋاتساق، نېمە ئۈچۈن خەلق يەنە نامايىش قىلىدۇ؟

ئەخمەتجان قاسىمى ئادىتى بويىچە (هەرقانداق سۆزنىڭ بېشىنى تەمسىل ياكى هېكايە بىلەن باشلىغاندەك)، بۇ قېتىممۇ ئوخشىتىلغان بىرەر هېكايە بىلەن جاۋاب بېرىشنى ئويلاپ:

— جانابىي جاڭ بۇجاڭ، مۇنداق بىر هېكايە بار، — دەيدۇ ئەخمەتجان قاسىمى، — بىرىنىڭ دوستى بار ئىكەن، ئۇ دوستىنى مېهمان قىپتۇ. ئۇ كىشى هاماقەترەك ئىكەن، هەسەل قويدۇم دەپ، قىچا يېغى قويۇپتۇ. ئۇنى هېلىقى دوستى يەپ باقسا، قىچا يېغى بولغاچقا يېيەلمەپتۇ. قىچا يېغىنى يېيەلمىگەن ئۇ كىشى يەنە بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ساهىبخان هەسەل قويۇپتۇ. لېكىن ئۇ بۇنىمۇ يېمەپتۇ. نېمە



ئۈچۈن يېمەيدىغانلىقىنى سورىسا، ئۇ — بۇمۇ يەنە قىچا يېغى بولۇپ قالمىسۇن دەۋاتىمەن، دەپتىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، خەلق هازىر هۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ هازىرقى خەلق ئاممىسىغا بەردۇق دېگەن ئەركىنلىك هوقۇقى، باراۋەرلىكى، هەسەلمۇ ياكى قىچا يېغىمۇ دەپ ئويلانماقتا. ئەگەر سىلەر مۇشۇنى غوۋغا دەيدىغان بولساڭلار، شۇ غوۋغانىڭ ئۆزى ئۆتمۈشتە يېگەن قىچا يېغىنى تەكرار يېمەيمىز دېگەننىڭ ئۆزى، — دەپتۇ.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ جاۋابىدىن هەيران بولغان جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجاننى سىنىماق بولسا كېرەك، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن:

— مەدەنىيەت غەربتىن تارقالغانمۇ ياكى شەرقتىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا:

— توغرا، شەرقمۇ ئۆز دەۋرىدە مەدەنىيەت تارقاتقان، مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان جاي. نۆۋەتتە، غەربمۇ مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن نېمەت ياراتقان. دېمەك، هەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز مەدەنىيىتى، ئورنى بويىچە ئاتايمىز ۋە شۇنداق تەرىپلەيمىز. ئۇنىڭ ئىنسانلارغا پايدىلىق شەرت-شارائىت ياراتقان تەرەپلىرىنى چەتكە قېقىشقا هەققىمىز يوق. شۇڭا، مەيلى شەرق بولسۇن ياكى غەرب بولسۇن، ئۆز ۋاقتىدا گۈللەنگەن، ياشنىغان دەۋرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي، چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسى توغرا ئەمەس، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەر ئىككى سىياسىئونىڭ بىر-بىرى بىلەن

ھامان ياپىتا كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، جاڭ جېجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمىغا قايىل بولۇپ، ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا، بىز ئەينى ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۇچراتقىنىمىزدا، ئۇنىڭ خىسلەتلىرىگە قايىل بولغان ھالدا خۇرسەندىلىك بىلەن يېقىنچىلىق ھېس قىلاتتۇق. دېمەك، ئەخمەت ئەپەندىم بىتىم جەريانىدىكى سۆھبەتلەردە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتاقلىق دىپلوماتلىرى ئالدىدا مەردانىلىك بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەپت-بەشىرەلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقىمىزنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغاچقا، گومىنداڭچىلار ۋەكىللىرىمىز بايان قىلغان ھەققانىي تەلەپلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.»

يولداش ماغاۋىيە سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەخمەتجان ئەپەندىم ماڭا ئۆزىنىڭ تۇماق بىلەن چۈشكەن سۈرىتىنى ‹كېڭەش ئەزاسى ماغاۋىيە جاكولىنغا› دېگەن خاتىرە سۆزىنى يېزىپ تەقدىم قىلغان.

ئۇ چاغدا، ئەخمەتجان ئەپەندىم نەنخۇيۈەندە بۇرھان شەھىدى بىلەن بىللە ئىدى. ئەخمەتجان ئەپەندىم ماڭا ئۆزى سۈرىتىنى بەرگەندە:

— گومىنداڭچىلار جىڭجىۋېيسى بىلەن ئادەم ئالداۋاتىدۇ.. ئۇنداق نەرسىلەر بىلەن ئادەم ئالداش بىزنىڭ تەبىئىي ھۆججەتلىرىمىزدە تۈرەلمىگەن. شۇڭا، بۇ ئاددىي سۈرەت سىزگە سوۋغا بولسۇن، — دېگەنىدى.

ئۇ سۈرەتنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئىسيانچىلار كىرىپ، ئۆيۈمدىن ئېلىۋالدى-دە: ‹بۇ كىم؟› دەپ ۋارقىرىدى.



‹ئەخمەتجان قاسىمى› دەپ سۈرەتنى قولدىن يۇلۇپ ئېلىۋالدىم. تا ھازىرغا قەدەر ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ سۈرىتىنىڭ ئارقىسىغا يازغان خېتى ھەم يۇرۇق يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغان چېھرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا نۇردەك چاقناپ تۇرماقتا، ئىلھام-ئوزۇق بېغىشلىماقتا...» دەيدۇ.

(1981-يىل 18-ئىيۇلدا ئۈرۈمچى نەنسەندە ماغاۋىيە بىلەن بولۇنغان سۆھبەتتىن ئۈنئالغۇغا ئېلىنغان خاتىرىدىن).

......

## ئىنقىلاب ۋە تەلىم-تەربىيە

ئەخمەتجان قاسىمى خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئازادلىقى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە مۇھىم يولىيورۇقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: «ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، بىزنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان سۆھبىتىمىز ئۈستىدە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، دىققەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا خۇش خەۋەر يەتكۈزىمىز:

بىزنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇزاكىرىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك كېتىپ بارىدۇ. چۈنكى، بىز سۆھبەتكە بىرىنچى قېتىم بارغىنىمىزدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىزنىڭ خەلقىمىزگە (مۇئاۋىن ھاكىملىق) ھوقۇقىنى بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىز ئىككىنچى قېتىم سۆھبەتكە بارغاندا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ تەلەپ-پىكىرلىرىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندا، 15 كىشىنى

ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن، قالغان 10 كىشىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سايلاشقا ھەم يۇقىرى-تۆۋەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە بولۇپ ئىككى تىلدا ئىش يۈرگۈزۈشكە، مەتبۇئاتتا، سۆزدە، سايلاشتا، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشتا تولۇق ھوقۇق، ھۆرلۈك بېرىشكە، سودىگەرلەرگە ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئىچكى ۋە تاشقى سودىلارنى قىلىشقا ھوقۇق بېرىشكە، مىللىي ئەسكىرىي قىسىملارنى ساقلاپ قېلىشقا ماقۇل بولدى...

خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش يولىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن 120 سائەت مۇزاكىرە ئېلىپ باردۇق. بۇ جەرياندا، گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىللىرى بىزنى 60 سائەت بومباردىمان قىلغان بولسا، بىزمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى 60 سائەت بومباردىمان قىلدۇق...

......

بۈگۈنكى يىغىنغا كەلگەن زىيالىي ياشلار، سىلەر ئۆلكىمىزدىكى ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرى، ئۆلكىمىزنىڭ قىممەتلىك گۈلى. چۈنكى، سىلەر ئۆز شارائىتىمىزغا مۇۋاپىق بىلىم ئىگىلىرى.

بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «بىلەكلىك بىرنى يېڭەر، بىلىملىك مىڭنى» دېگەن ماقال بار. مىڭنى يەڭگەندىن كېيىن، ھەممىڭىزلارنى مىسالغا ئالساق، تۈگىمەس قۇۋۋەت بولىسىلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇستەبىتلەر ئۆزىنىڭ بىلىملىك دۈشمەنلىرىنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىش يولى بىلەنلا يوقىتىشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن، شېڭ شىسەي بىلەن ۋۇ جۇڭشىڭ بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنى يۈزلەپ يوقاتتى. يەنى، سوۋېت ئىستىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن 330 نەچچە زىيالىي ياشتىن 200 نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. چۈنكى، ئۇلارمۇ سىزلەرگە ئوخشاش ئۆز خەلقىنىڭ ھوقۇق دەۋاچىلىرى ئىدى. دېمەك، خەلق دەردىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى، ئىشقى ئوتىنىڭ زورلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئېزىلگەن مىللەتنىڭ زىيالىي ئەلچىسى بولماق لازىم. بىزنى سىرتتىن كۆرگەنلەر «ناھايىتى تار مىللەتچىلەر» دەپ باھا بېرىدۇ. «ئۆز مىللىتىدىن باشقا ھېچكىمنى سۆيمەيدۇ» دەپ بىلىدۇ. ھەقىقەت ئۇنداق ئەمەس، مەھكۇم مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئەڭ زور خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكىدە بولسۇن، قانداقلىكى مىللەت بولسۇن، ئەگەر ئۇ، ئېزىلگەن مىللەت بولىدىكەن، ئۇنى سۆيمەكتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1860-يىللاردىكى بېيجىڭنى ئىشغال قىلىپ، خان سارىيىنى بۇلىغانلار خەنزۇ خەلقى ئالدىدا قانچىلىك جىنايەتچى بولسا، بىزنى ئەزگەنلەر بىزنىڭ ئالدىمىزدىمۇ شۇنچىلىك جىنايەتچىدۇر. ئۇ تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ يوقىلىشى خەنزۇ خەلقىنى قانچىلىك شادلاندۇرسا (بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇش ھەققى بىلەنلا ئەمەس)، بەلكى ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ھەققانىيەت ئاساسىدا تۇرۇپ قارىغاندىمۇ، بىزلەرنى شۇنچىلىك شادلاندۇرىدۇ...

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىز يالغۇزلا ئازادلىق ھەرىكەت بولماستىن شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقچىللىق سىياسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئورنىتىش ئۈچۈن بولغان ھەرىكەت.

دېمەك، بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پۈتۈنلەي مىللەتكە قارشى ھەرىكەت ئەمەس ۋە بەلكى ئۇ، مىللەت ئىچىدىكى مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ۋە ئىستىبدات زالىم ھاكىمىيەت تەرەپدارلىرىغا قارشى ھەرىكەت.

خەلقىمىز، خۇسۇسەن زىيالىيلىرىمىز مۇشۇ نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارماقلىرى لازىم. خەنزۇ مىللىتىنىڭ زىيالىيلىرىمۇ مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئەستە تۇتۇپ ئىش ئېلىپ بارماقلىرى لازىم. خەنزۇ مىللىتىنىڭ زىيالىيلىرى بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنى ئۆزى بىلەن ئەمەلىيەتتە باراۋەر دەپ بىلسە ۋە ئۇنىڭغا باراۋەرلىك ئاساسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلسا، ئۇ زىيالىيلار بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ سەممىي دوستى بولالايدۇ ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ.

بىز، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن كۆپ تالاشلار قىلغاندىن كېيىن، «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق، ئاندىن كېيىن بىرلىك ۋە تىنچلىق» دېگەنىدۇق.

جاڭ بۇجاڭمۇ بىزگە «تىنچلىق، بىرلىك، ئەركىنلىك ۋە خەلقچىللىق» دېگەن تەكلىپنى قويدى. نەتىجىدە تىنچلىق، بىرلىك تەمىن ئېتىلدى. ئەمدى پۈتۈن ئۆلكىمىز بويىچە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق تەمىن ئېتىلىشى لازىم.

مەركىزىي ھۆكۈمەت تەستىقلىغان بىتىمنىڭ 1-ماددىسىدا، ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۇلار ئىشەنگەن يەرلىك خەلقتىن مەمۇرىي خادىملارنى سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ، دېيىلگەن.

بۇ، مەركەز قوبۇل قىلغان پرىنسىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن،



يېقىندا جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، ئۈچ-تۆت شەھەردە مەجلىس ئېچىپ، مەجلىستە خەلققە تەھدىت سېلىپ: «كىمىكى ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلايمىز دېسە، ئاز كۈندە يوقىتىلىدۇ» دېگەن ئەمەلدار① خەلقچىللىق سىياسەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش، يېقىندا جەنۇبىي شىنجاڭدا شەھەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خەلقنى توپلاپ يىغىن ئېچىپ: «سىلەر، ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئېلىپ تاشلايمىز، دەپ خىيال قىلساڭلار، ئوغرىلارغا ئەگەشكەن بولىسىلەر. سىلەرنىمۇ ئوغرىلار بىلەن بىللە يوقىتىمىز. بىز ئۈچۈن بىر-ئىككى شەھەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ھېچ نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ ئادەم جەھەتتىن قىسىنچىلىقىمىز يوق. 450 مىليون ئادىمىمىز بار. قولىمىزدا ئەڭ ئىلغار دۆلەتنىڭ ھەربىي تېخنىكىسى بار» دېگەن ھەربىي ئادەم②، مېنىڭچە خەنزۇ خەلقىنىمۇ ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىمۇ ۋەكىل بولالمىسا كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، «ئۇنىڭ خەلقچىللىق» چاپىنىنى كىيىۋېلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلغۇچىلارغا ئەگەشكەنلەرمۇ بىزگە دوست بولالمايدۇ.»

ئەخمەتجان قاسىمى يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «......ئەگەر دۆلەت تۈزۈمى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا لايىق بولمىسا، دەۋرىمىزنىڭ ئىلغار نەزەرىيىلىرىنى قوبۇل قىلمىسا، خەلقچىل ئادەملەرنىڭ ئارزۇلىرى شۇ بويىچىلا قېپقالىدۇ.

---

① جۇ دالاڭ.

② سۇڭ شىليەن.

ئەگەر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈزۈمىمىز لايىقلاشسا، ئەنە شۇنداق ئىلغار مەپكۇرە تەربىيلەنگۈچىلەرگە ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ... بىز بىتىم ۋاقتىدا 10—15 كۈنلەپ تالىشىپ، تەربىيە مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىپ، ئاندىن تەربىيە تەلىپىمىزنىڭ ھەقلىقىدىن تەربىيە مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ ئۇلارنى يېڭىپ چىققاندىن كېيىن، قارشى تەرەپ ئۇنى ئەمەلىيەتتە يۈرگۈزمەسلىككە تىرىشتى.»

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق نۇتۇق، سۆزلىرىگە ئاساسەن، ئىلىم-مەرىپەت يولىدا غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «...... بىز ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن بۇرۇن، خەلققە بىلىم ئۆگىتىدىغان، پەن-مەدەنىيەت تەربىيىسىنى بېرىدىغان مەكتەپ يوق ئىدى. بەلكى بىر ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەرجىمان (تۇڭچى) تەييارلايدىغان بىر ياكى ئىككى مەكتەپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىز دۇنيا بىلەنمۇ تونۇشلۇقى يوق زۇلمەتلىك دۇنيادا ياشاپ كەلگەن.

ئەگەر شۇ چاغدا پەننىي مەكتەپ ئاچقانلار كۆرۈلگەن بولسا، ئۇلار جىنايەتچى ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلاتتى. ئاپرېل ئۆزگىرىشى ئۆلكە خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يولنى ئاچتى. نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەر ئېچىلىپ، نۇرغۇنلىغان بالىلىرىمىز ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى (سىلەرمۇ بەلكىم مۇشۇ مېۋىلەردىن بولۇشۇڭلار مۇمكىن). شۇنىڭ ئۈچۈن، شاگخەي-



دە بىر مۇخبىرنىڭ: «سىز شېڭ شىسەيگە قانداق باھا بېرىسىز؟» دېگەن سوئالىغا: بىز شېڭ شىسەيگە قەدەر قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرغانىدۇق. شېڭ شىسەي كېلىپ ئېلېكتر ياندۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويدى. كېيىن شېڭ شىسەي «ئېلېكترنى يوقىتىمەن، لامپىمۇ بەرمەستىن شامغا ئۆگىتىمەن» دېدى، ئېلېكترگە ئۆگەنگەن خەلق بۇنىڭغا بويسۇنمىدى، «ئېلېكتر بىلەن ياشايمىز»، دېدى دەپ جاۋاب بەردىم.

چۈنكى، شېڭ شىسەي دەۋرى بولمىغان ھالدا، بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان كادىرلار بولمىغان بولاتتى.

ئەمما، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا، شېڭ شىسەي ئۆزگەردى، فاشىستىك ئىستىبدات سىياسەت يۈرگۈزدى. زىيالىي ياشلارنى، تەلىم-تەربىيە ئىگىلىرى بولغان مۇئەللىملەرنى خۇددى قىرغاۋۇل ئۇۋلىغاندەك ئۇۋلاشقا باشلاپ، راۋاجلىنىپ كېتىۋاتقان مەدەنىيەتنى كەينىگە ياندۇرۇشقا ئۇرۇندى. نەتىجىدە، بىلىملىك ئادەملەر خورلاندى، ھەتتا «كۈن كەچۈرەلمىگەن ئادەملەر ئەپەندى بولىدۇ» دەيدىغان كۆز قاراشلار پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا قىز بەرمەيدىغان كەيپىيات تۇغۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاپرېل ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالغا چۈشۈرۈشكە قەستلەنگەنىدى.»

(«تاللانما» 151-بەتتىن)

(ئۈرۈمچى مەدەنىيەت كۇلۇبىدا زىيالىي ياشلارغا سۆزلەنگەن نۇتقىدىن)

«بىز تەربىيە مەسىلىسىگە كەلسەك، بىزنىڭ تەربىيىلەيدىغان بالىلىرىمىز ھەرتەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ۋەتەننى چىن

يۈرەكىنى سۆيۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، ساغلام بەدەن ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشى لازىم.

بۇ ئادەملەر ھازىرقى زامان بىلىمىنى تولۇق ئىگەلىگەن بولۇپ، پەننى تولۇق بىلىشكە تىرىشىشى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە ۋە باشقا پەنلەرنى تولۇق ئىگىلەپ، تېخنىكىلىق قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان بولۇشى، تەبىئەتنى جەمئىيەتكە بويسۇندۇرالايدىغان ئادەملەردىن بولۇشى، ئۆزىمىزدە بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، تەجرىبە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشى لازىم.»

(«تاللانما» 159 - بەتتىن)

«باللارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيىلىشىمىز لازىم. ئەگەر تار مىللەتچىلىك روھتا تەربىيىلىسەك، بىرلا مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، باشقا مىللەتنى كۆزلىمەيدىغان روھ سىڭىپ قالىدۇ. ئېھتىيالىق، خەنزۇغا ئۆچ بولساق، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزدە ئۇتۇق قازىنىمىز دەپ، باللارغا خەنزۇ مىللىتىگە قارشى روھتا تەربىيە بەرسەك بولامدۇ؟

ئەگەر بىز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزدە غەلىبە قازىنىمىز دېسەك، بۇنداق تونۇشنى (ئاڭنى) تۈپ يىلتىزى بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەممە خەلقنىڭ (مىللەتنىڭ) كۈرەش نىشانىنى بىر نۇقتىغا يىغىشىمىز لازىم.»

(«تاللانما» 163 - 164 - بەتلەردىن)



«ئېزىلگەن خەلق زۇلۇمدىن ئازاد بولۇشنى خالايدۇ. ئۆز پەرزەنتلىرىمىزگە خەنزۇنى ئۆچ كۆرسىتىپ، موڭغۇلنى ياخشى كۆرسىتىپ تەربىيە بەرسەك، ئۆزىمىزمۇ قارشىلىققا ئۇچراپ قالىمىز. چۈنكى، تەربىيىلىگۈچىدە بىر مىللەت «ئەلا»، يەنە بىر مىللەت «پەس»، بۇ مىللەت «تاجاۋۇزچى»، ئۇ مىللەت «تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغۇچى» دەيدىغان چۈشەنچە ھاسىل بولۇپ قالىدۇ.

ۋەھالەنكى، تاجاۋۇزچى مىللەت ئەمەس، مىللەتنى ساتقۇچى بىر تۈپ ھەربىي ئەمەلدارلار، بيۇروكرات ئاپپاراتقا تايانغان مۇستەبىت ئۇنسۇرلاردۇر. بۇلارنىڭ مىللەتكە ۋەكالىتەن سۆزلەشكە ھېچقانداق ھەققىمۇ يوق ۋە مىللەتكە ۋەكىلمۇ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئۆلكىمىزگە جايلاشقان بىر تۈركۈم ئىستىبدات ياكى چوڭ مىللەتچى دەپ ئاتايلى، فېئودال ئەمەلدارلارنى پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراش توغرا بولمايدۇ.

بۇ بىزدىكى «دارىنلار» بىزنىڭ قانچىلىك دۈشمىنىمىز بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇنچىلىك دۈشمىنىدۇر.»

(بۇ سۆزلەرنى ئەخمەتجان قاسىمى ئارمىيە ئىچىدە ۋە تەربىيىلىگۈچىلەر يىغىنىدا ئايرىم-ئايرىم يەتكۈزگەن. شۇڭا تەكرارلاندى.)

(«تاللانما» 165- بەتتىن)

«شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەر روھتا ۋەتەندىكى خەلقلەر ئورتاق، باراۋەرلىككە ئىگە بولغان (ھاكىمىيەت ئىگىسى) بولالايدىغان ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان بولۇشىمىز كېرەك، دەيدىغان روھتا تەربىيىلىشىمىز لازىم.

بىز بىراۋنى مەھكۇملۇققا سالمايمىز، ئۆزىمىز ھەم مەھكۇم بولۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

بىز مۇشۇ نۇقتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، بالىلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقنى ھۆرمەت قىلىپ، خەلقچىللىق ئۈچۈن پىداكارانە خىزمەت قىلىدىغان روھتا تەربىيىلىشىمىز لازىم.

شۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسى خەلقچىللىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان، مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن بولغان كۆرەشكە مۇناسىپ ئىدىيە (ئاڭ) لىك بولۇپ يېتىلىدۇ - دە، ئۇلار (بالىلىرىمىز) ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، خەلق يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە (مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا) مايىل بولۇپ، ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ.»

(«ئاللانما» 166- بەتتىن)

× ×

دېمەك ئەخمەتجان قاسىمى بىزنىڭ تەربىيەۋى تۈزۈممىزنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن خەلقنى كەلگۈسى گۈزەل غايىلىرىگە ئېرىشتۈرۈشنى ئالغا سۈرگەنىدى. چۈنكى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلىپ تۇرۇقلۇق، سۆھبەتلەردە ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى، ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ تاقابىل تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،



ئىلىم - مەرىپەت يولىدا ئەمەلىي ئىش بېجىرىشلەرنىمۇ ئېلىپ باردى. مەسىلەن: 1945 - يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدە تىببىي فېلدشېرلىق كۇرسى ۋە مەخسۇس دورىگەرلەر تەييارلاش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دوختۇر، دورىگەرلەرنى يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (ئىلى گىمنازىيىسى) بىلىم يۇرتىغا ئۆزگەرتىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلىق تېخنىكلىرىنى ۋە شەھەر - يېزا مەكتەپلىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، مۇئەللىملەر تەييارلاش ئۈچۈن، 1945 - يىلىدىن 1949- يىلىغا قەدەر يەتتە قارار كۇرس ئېچىلىپ، ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان 1000 دىن ئارتۇق تېخنىك ۋە ئوقۇتقۇچى تەييارلىنىپ، پەن - مائارىپقا يۈرۈش قىلىپ، ئىلىم - پەنگە ئايىنىش ئۈچۈن ئىشىك ئېچىلدى. شۇڭلاشقا، غۇلجا خەلقى ئەينى ۋاقىتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (گىمنازىيە) نى «ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى» دەپ ئاتاپلا قالماستىن، ھازىرغا قەدەر ئىنتايىن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەلمەكتە.

1945 - يىلىدىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق رەھبەرلەر كۆپرەك لېكسىيە سۆزلەشكە كېلىپ تۇراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى مۇددەت بىلەن كۇرسقا قاتناشتۇرۇشتىن باشقا، مەمۇرىي كادىرلارنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل

بولدى. ھەربىي ئىشلارنىڭ مۇنتىزىملىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، قورغاس ناھىيىسى ھەم غۇلجا شەھەر، بايانداي رايونىدا مەخسۇس (ئوتتۇرا دەرىجىلىك، ئىككى-ئۈچ يىللىق) ھەربىي مەكتەپلەر ئېچىلدى. قىسىملارنىڭ سىياسىي كومىسسارلىرى ئۈچۈن، شىخۇدا قىسقا مۇددەتلىك سىياسىي كۇرس ئاچتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق شىنجاڭنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىن ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىپ كەلگەن ھەرقايسى كەسىپلەردىكى زىيالىي كادىرلار ئۈچۈن، كەڭسايدا مەخسۇس ھەربىي كۇرس ئېچىپ ئوقۇتۇپ چىققاندىن كېيىن، ئارمىيىمىزدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى يېتىم-يېسىرلار ئۈچۈن دارىلئېتام تەشكىل قىلدى. دارىلئېتامدا 13 مىللەتتىن (60 قا يېقىن خەنزۇ بالىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 400 گە يېقىن ئوغۇل-قىز يېتىم-يېسىرلار ئوقۇيتتى. دارىلئېتامنىڭ تەمىناتى ھۆكۈمەت ھېسابىدىن بولۇپ، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا ئوقۇش خىراجەتلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى قاتارلىقلارنىمۇ ھۆكۈمەت تەمىنلەيتتى. جۈملىدىن، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن، خوتۇن-قىزلار ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ يىللىق مەخسۇس ھۈنەر مەكتىپى تەشكىل قىلىنىپ، ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كىيىم تىكىش (پىچىش)، ئەر-ئاياللار ئۈچۈن كىيىم-كېچەكتە يېڭى مودىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن تېخ-



نىڭ خادىملارنى يېتىشتۈردى.

بۇ مەكتەپتە ھەر مىللەتتىن 600 گە يېقىن خوتۇن-قىز ئوقۇغۇچىلار ئوقۇپ، جەمئىيەتنىڭ كىيىم-كېچەك ئۈستىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى تەمىن قىلىندى.

دېمەك، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پەنگە يۈرۈش قىلىش، ئىلىم-پەنگە تايىنىپ ئىش قىلىش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى قوراللىق كۈرەش ۋەزىيىتىدە يېڭى-يېڭى غۇنچىلار يېتىشتۈرۈلگەنىدى. ئىنقىلابنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەنگەنىدى.

## ئىنقىلابىي ئالاقە

بىتىمدىن كېيىن، 1946-يىل 11-ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى نەنجىڭدا ئېچىلغان گومىنداڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىشتىكى مەقسىتى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دېگەن نامىدىن پايدىلىنىپ، نەنجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋغا تەرجىمە قىلدۇرغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، يولداش دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، بۇ

ھەقتە يولىيورۇق بېرىدۇ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان قاسىمى پۇرسەت بولسىلا، ئۆزىنىمۇ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر، يولداش دۇڭ بىۋۇ قوشقان پېڭ گوئەننى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، يولداش پېڭ گوئەن ئۈرۈمچى نەنخۇايۇەندىكى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىش ئورنىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يەنئەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ.

## «بىتىم»نى قوغداش يولىدا

گومىنداڭچىلار «11 ماددىلىق بىتىم»گە ئاسىيلىق قىلىپ، «25 - ماي» قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ماقۇللىشىنى ئالماي تۇرۇپلا، خائىن مەسئۇتنى قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قىلىپ بېكىتىدۇ. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن، ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلاپ، غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ. يولداش پېڭ گوئەنمۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە غۇلجىغا كېلىپ، يەنە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىش ئورنىدا ئۆز ئىشىنى داۋام قىلدۇرىدۇ.



ئەينى ۋاقىتتا، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەسئۇلى سۈپىتىدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ بەلگىلەندىن كېيىن، 1946 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن بىر قىسمىنىڭ ئائىلىسىنى ئۈرۈمچىدىكى نەنخۇايۇەن (جەنۇبىي باغچا)غا يۆتكىگەنىدى. «11 ماددىلىق بىتىم»نى قوغداش ھەم ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى يۇقىرىقىدەك نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن «11 ماددىلىق بىتىم» گە پەقەت ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماقۇل بولغان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت زادىلا ۋاپا قىلمىدى. ئۇلار يەنىلا خەلققە قارشى، ئىنقىلابقا قارشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قارشى سىياسەتتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، «11 ماددىلىق بىتىم» گە بۇزغۇنچىلىق قىلغانسېرى، خەلق ئالدىدا ئەپت - بەشىرىسى پاش بولۇپ، ئۆز - ئۆزىنى شەرمەندە قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئائىلىسىنى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ ئاپارغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىن دائىم دېگۈدەك يات ئادەملەرنى خالىي قىلمىغانىدى. ئۇ سىرتقا چىقسىلا، دائىم دېگۈدەك ئارقىسىغا ئىشپىيونلارنى يەڭگۈشلەپ سېلىپ تۇرۇش — گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ چاغدىكى كۈندىلىك ۋەزىپىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەتتا ئەخمەتجان قاسىمىغا قەست قىلماقچى بولۇپ، ئايرىم قاتىل، لۈكچەكلەرنىمۇ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 1947 - يىل كىرگەن ئاخشىمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاسۇسلىرىدىن × × ، × × دېگەن

ئادەملەرنى ئىنقىلابىي رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
قورۇسىغا سۇيىقەست قىلىش ئۈچۈن كىرگۈزگەندە، ئۇلار
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خەلق ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان ئىنقىلابىي
ئىشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، خەلقپەرۋەر، ئادىل
ئادەم ئىكەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، بۇ قارا نىيىتىدىن قايتقان.
ئۇلار ھەتتا ئۆزلۈكىدىن كۆز يېشى قىلىشقان. ئۆزلىرىنىڭ
كىرىش مەقسەتلىرىنى، ئالدانغانلىق، سېتىلغانلىقلىرىنى
پاش قىلىشىپ، ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئەپۇ سوراشقان.
مانا شۇنىڭغا ئوخشاش يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانىنى ئىشقا
ئاشۇرالمىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، ئەخمەتجان قاسى-
مى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىگە
ئاشكارا ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. «25 - فېۋرال»
قانلىق ۋەقەسى بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى.

1947 - يىل 25 - فېۋرال كۈنى، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە قارشى «فېۋرال
پاجىئەسى» نى ئۆز قولى بىلەن پەيدا قىلدى. گومىنداڭ
ھەربىيلىرى قولىغا چوماق، تۆمۈر، توقماقلارنى ئېلىشىپ،
پۇقرا قىياپىتىگە كىرىۋېلىشىپ، شوئار توۋلىشىپ، شۇ چاغدىكى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا تۇرغان ئەخمەتجان
قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق رەھبەرلىرىمىزنى
قورشىۋالدى. ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىل-
لىرىنىڭ بىرقانچە مۇھاپىزەتچىسىنى ئۆلتۈردى. «ئەخمەت-
جان ئالدىمىزغا چىقسۇن!» دەپ ۋارقىرىشتى. بۇ ئىشنى
كۆرۈپ تۇرغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىر تەرەپتىن ئۆز-
لىرىنى ئۇقماسلىققا سېلىپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ياسالما توپىلاڭغا
ماي چېچىپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەخمەتجان



قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرىگە
ئۇنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزگەن بولۇپ: «سىلەر خەلقپەرۋەر
ئەمەسمىدىڭلار، خەلق سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ
قىلىۋاتىدۇ، سىلەر چىقىپ ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر-
گە جاۋاب بېرىڭلار» دەيدۇ. ئۇلاردىن «قۇتقۇزۇۋالغۇچى»
قىياپەت بىلەن ھويلىغا چىقىپ، تامدىن قېچىش يولىنى
كۆرسىتىشىدۇ. ھالبۇكى، ئارقا ھويلىدا ئەخمەتجان قاسىمى-
لارنى ئۆلتۈرۈشكە بەلگىلەنگەن بىر تۈركۈم قان ئىچەر لۈك-
چەكلەر مۆكتۈرۈپ قويۇلغانىدى. بىراق، ئەخمەتجان قاسى-
مى قاتارلىق يولداشلار بۇ خىل سۇيىقەستلىك تەھدىتتىن
قورقۇپ قالمايدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى شۇ چاغنىڭ ئۆزى-
دىلا دۈشمەنلەرگە كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

— بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، بىز ئۆلۈمنى
ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئالغان ئادەملەرمىز. ھازىر بىز ھا-
يات قالساق، خەلققە پايدا. چۈنكى، بىتىم بويىچە خەلق-
نىڭ ئەركىنلىكىنى تەمىن قىلىمىز. ئۆلسەك، ئۇنىڭدىن ئار-
تۇق پايدا. چۈنكى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق قوزغىلىپ،
بۇ قېتىمقى بىتىمدىن ئارتۇقراق بولغان تولۇق ئازادلىقنى
ئالىدۇ. بىزنىڭ قېنىمىز خەلققە ئازادلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.
ئەلۋەتتە، بۇ بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ...

ئەينى ۋاقىتتا، ئەخمەتجان قاسىمى ھىيلە-
گەر، ئالدامچى گومىنداڭنىڭ ساختا سىناقلىرىنى سېزىۋې-
لىپ، ھوشيارلىق بىلەن يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— بىز مەجلىسنى تاشلاپ چىقمايمىز. ئەگەر
قوراللىق نامايىشچىلار بېسىپ كىرىپ سۇيىقەست قىلىدىكەن،
سىلەر — مۇشۇ ھوقۇقلۇق مەجلىس زالىدىكى ھۆكۈمەت

جاۋاب قىلىسىلەر. ئەگەر بىز — خەلق ۋەكىللىرىدىن بىرەرىمىز يوقىتىلىدىكەنمىز، شۇ مىنۇتتىن ئېتىبارەن ئۇرۇش باشلىنىدۇ.

بۇ ھەقىقانىي جاۋابتىن گومىنداڭچىلار ئۆزلىرى تەشكىللىگەن، بۇ جاللاتلىق - قاتىللىق تۈسىنى ئالغان قاراقچىلىق ھەرىكىتى ۋە بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ چىققان ھىيلە - نەيرەڭلىرىنىڭ كارغا كەلمەي قالغانلىقىنى بىلىپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. شۇ چاغدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مۇنداق دېدى:

— بىز ئۆلۈمنى — خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئېلىپ قويغانمىز، ئۆلسەك پارلاق ئۆلىمىز، قالساق پارلاق قالىمىز، ئەمما ئۆلۈم مەنىسىز بولماسلىقى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىچىككىنە مۇشۇ جايدىمۇ خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن ئاخىرقى جەڭنى قىلىشقا تەييارمىز. ئۆلسەك، ئۆلۈمگە مەردلەرچە بارىمىز، قالساق، ئۆلۈمدىن مەردلەرچە قالىمىز، ھەر ئىككىلا سەپتە ئاجىزلىق بىزگە خاس ئەمەس.

گومىنداڭچىلار بۇ ياش قەھرىمانىنىڭ ئاغزىدىن چىققان مەردانە سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنىڭ نەقەدەر جۇشقۇن، غايىسىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇشىدۇ.

ئەكسىيەتچىلەر ۋەكىللىرىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ غايىسىنى كۆرۈپ، ياسالما، يالغان نامايىشنى تەشكىل قىلىش يولىدا مەغلۇپ بولۇشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن ئىلاجسىز، پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ھىلىقى ساختا نامايىش-



چىلىرىغا بىشارەت بېرىپ، كابىنېتنى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

كابىنېتتا قالغان كىشىلەردىن بىرى غۇلجا گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ كاتىپى، يەنە بىرى ئۇرۇمچى كېڭەش ئەزاسى، يەنە بىرى، تارباغاتايدىن كەلگەن بىر ئېلىشاڭغۇ قېرى بوۋاي ئىدى. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىغا بىرنەچچە تەلەپلەرنى قويدى. لېكىن، ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى سالماقلىق بىلەن تۇغرىسىنى تۇغرا، خاتاسىنى خاتا دەپ، كەسكىن جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بوشىشىپ، ئەمدىكى ھەرىكەتنى زورىغىلا قىلىشماقتا ئىدى. چۈنكى، شۇ كۈنكى جىددىي ۋەزىيەتتە، نەنگۈەن دەرۋازىسى ئاللىقاچان تاقالغان بولۇپ، قوراللىق ھەربىيلەر سېپىلنى ساقلىماقتا ئىدى. لېكىن، دەرۋازا ئالدىغا 5000-6000 مۇسۇلمان مىللەتلەر توپلىشىۋېلىپ، خەلق ۋەكىللىرىنى چىقىرىپ بېرىش ھەققىدە ئەكسىيەتچىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھودۇقۇپ، ئويلىماي ئىش قىلىپ، ئاغرىماي[1] دەرد تارتماقتا ئىدى. ئەمدى ئۇلار بىزگە، نەنگۈەندىكى ئاممىنى تارقىتىش ھەققىدە تەكلىپ پىكىر بېرىشكە باشلىدى.

1 - قېتىم ئەخمەتجان قاسىمى ئاممىغا «بىز سالامەت، ئەنسىرىمەڭلار، تارقاپ كېتىڭلار» دەپ ئىمزاسىز خەت يازدى. لېكىن، ئۇلار (ئامما) بۇنى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھىيلە - مىكرى دەپ قاراپ، تارقاپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭچىلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئەندىشىگە قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بېشىغا سال-

ماقچى بولۇشقان خەۋپى ئەمەلىيەتتە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

ھېلىگەر گېنېرال داڭ بىڭاڭ ئەخمەتجان قاسىمىغا: «نامايىشچىلار كەتكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئۆزىڭىز بىرەر چارە كۆرمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ»، — دېۋىدى، ئەخمەتجان قاسىمى سوغۇققانلىق بىلەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان ئادەملەردەك، داڭ بىڭاڭغا قاراپ: «سىزگە ھازىر ئىككى يول بار: بىرى ھازىر چىقىپ ئەسكەرلىرىڭىزگە: «ئارقىغا بۇرۇلۇپ قەدەملەپ مارش» دېسىڭىز، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ. بىز چىقىپ نەنگۇەندىكى خەلقنى تارقىتىمىز، تىنچلىق بولىدۇ. يەنە بىرى، ئىشىكنى ئېچىپ: «ئالدىغا قەدەملەپ مارش» دەپ ئەسكەرلىرىڭىزنى بىزگە قويۇپ بېرىسىز، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ. بۈگۈن ئۈرۈمچىدە، ئەتىدىن ئارتىپ پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە قان تۆكۈلىدۇ، مانا شۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى تاللىسىڭىز، بىرىنى تاللاڭ. بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، بىز ئۆلۈمنى ئالىقاچان ئۈستىمىزگە ئالغان ئادەملەرمىز. ھازىر بىز ھايات قالساق ھەم خەلققە پايدا. چۈنكى، بىتىم بويىچە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى تەمىن قىلىمىز. ئۆلسەك، ئۇنىڭدىن ئارتۇق پايدا. چۈنكى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق قوزغىلىپ، بۇ قېتىمقى بىتىمدىن ئارتۇقراق بولغان تولۇق ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بىزنىڭ قېنىمىز خەلققە ھەقىقىي ئازادلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ»، — دېدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ:

— ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ بۇ سۆزلىرى، بىزگە



ئىنقىلابىي روھ بەردى، ئەكسىيەتچىلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بولدى، «نامايىشچىلار» تارقالدى، بىز نەنگۇەنگە چىقماقچى بولدۇق. ئارىمىزدا تۈلكە قۇلاقچىنى ھاياتنىڭ پاناھى قىلىۋالغان كىشىلەرگە بىزنىڭ قىلغان سۆز-چاقچاقلىرىمىز تەگمەكتە ئىدى. لېكىن بۇ ئەقىلسىز دۆتلەر بۇنى سەزمەيتتى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇلارنى شۇ كۈندىكى بىزنىڭ كۆرەش نىشانىمىزدىكىلەر بىلەن بىر قاتاردا ساناشقا ئەرزىمەيتتى، — دېدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— چارچىغان دۈشمەنگە دەم بېرىش كېرەك ئەمەس، ئەكسىچە دىمىقتۇرۇش لازىم. ئەخمەتجان ئەپەندىم بۇ مومېنتنى چېۋەرلىك بىلەن ئىگىلەپ، نەنگۇەنگە يۈرۈش ئالدىدا بۈگۈنكى ئويۇننى تەشكىل قىلغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئوسال بولۇپ قېلىشىنى ئاۋالراق ئويلىماپتۇ. قىزىق بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشتى:

بىر گېنېرال ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماق بولۇپ، بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆيىگە چايغا ئېيتىپ، ئۈستەلدىكى تائاملار قاتارىغا بىر قاچا سوغۇق سەي تەييارلاتقۇزۇپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر گىراناتنى يوشۇرۇن بېكىتىپتۇ. ئوفىتسېرلار تاماققا ئولتۇرغاندا، ئۇلاردىن بىرى ۋېلكىنى تاماققا سانجىغانىكەن، بىردىنلا گىرانات پارتلاپ كېتىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ئۈستەل ئاستىغا، بىرى تاشقىرىغا، بىرى كارىۋات تەرەپكە قېچىپ، يالغۇز بىر ئوفىتسېرلا ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

گېنېرال ھەممىسىنى يىغىۋېلىپ:

— مەن بۇگۈن سىلەرنى سىناپ باقماقچىدىم، غەيرەتىڭلار ياخشى بولمىدى، مۇنۇ ئوفىتسېرنى خالىغانچە مۇكاپاتلايمەن، خوش، سىزگە نېمە كېرەك ئېيتىڭ، دېگەنىڭىزنى بېرىمەن، — دەپتۇ. ھېلىقى ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغىنىچە، چاس بېرىپ:

— ھۆرمەتلىك گېنېرال، ھازىر ماڭا دۇنيادا ئەڭ ئارتۇق ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك نەرسە شۇكى، بىر دانە كۆسار بەرسىڭىز، يەڭگۈشلىۋالسام — ... دەپتىكەن. بۇگۈن مانا شۇ ۋەقەنىڭ دەل ئۆزى بولدى... دېدى. مەن بۇ ھېكايىنى تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئۇلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى. شۇ چاغدا، بىز ھەممىمىز قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئەكسىيەتچىلەرگە تېخىمۇ ئەلەم بولدى، زورىغا كۈلۈپمۇ قويدى ۋە يەنە باشقىدىن مۇرىلىرىنى قىسىپ بەزگەك تۇتتۇشقا باشلىدى، تەر باستى. بەختىگە يارىشا، يۈزىدىن چىپ-چىپ ئېقىۋاتقان تەرلىرى كۆزى بىلەن بۇرنىدىن كەتكەن ياشقا دالدا بولماقتا ئىدى.

— دەرھەقىقەت، — دەيدۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، — بۇ چاغدا بېچارىلەرنىڭ تەر باسقان يۈزلىرىدىكى ھېلىقى ئېچىنىشلىق مەجبۇرىي كۈلكىلىرىدىن باشقا، ھېچقانداق مۇداپىئە قۇرالى قالمىدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— سائەت بەش يېرىم بولدى، كۈن ئولتۇردى، بىز كېچىكمەي ئەنگۇەنگە چىقىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشىمىز كېرەك. شەھەر ئىچىدىكى كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر تىزىلغانىدى، كوچىدا ئۇيان-بۇ-



يان كېتىۋاتقان ئادەم يوق، خەنزۇ پۇقرالار بولسا، ئىشىك ئالدىلىرىدىن مارىشىپ تۇرىدۇ. بىز ماشىنا بىلەن قاتار تىزىلىشىپ ئەنگۇەنگە قاراپ ماڭدۇق. دەرۋازا ئېچىلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئالدىغا توپلانغان مۇسۇلمانلار پەلەككە ياڭرىغان ئالقىش سادالىرى ۋە «ھۇررا»لىغان ئاۋازلىرى بىلەن بىزنى قارشى ئالدى. بەزى ئادەمدا تېخىچە ئەندىشە تارقىمىغان، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش، بەزىلىرى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ چىرايلىرى خۇشاللىق-شادلىق بىلەن تولۇپ، بىزنى ئورىۋالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ماشىنا ئۈستىگە چىقىپ: مۆھتەرەم قېرىنداشلار! ئەندىشە قىلماڭلار، قورقماڭلار، ئىنشائاللا، مۇسۇلمانلارنىڭ يولى ئاق، ئىستىقبالى پارلاق، قورقماسلىق لازىم. تىنچلىق يولى بىلەن ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىش كېرەك، دېگەن مەزمۇندا سۆزلىگەندە، ئالقىش ئۈستىگە ئالقىش، «ھۇررا» ئۈستىگە «ھۇررا» توۋلاپ: «رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىم ياشىسۇن» دېگەن شوئارلارنى كۆككە ياڭراتتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— سائەت سەككىز بولدى، سائەت سەككىزدىن باشلاپ ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىش توغرۇلۇق خەۋەر بېرىلگەنىدى. لېكىن، ئۇيغۇر كۇلۇبىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم بىزنى كۈتمەكتە ئىدى. شۇڭلاشقا كۇلۇبتا كىرىشكە توغرا كەلدى. بىز كۇلۇبقا كىرگەندە، خەلق: «ھۇررا! ياشىسۇن ئەخمەت ئەپەندىم! ياشىسۇن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئازادلىقى! ياشىسۇن-كۈچلەنسۇن ئۆلكىمىزدىكى ھەقىقىي خەلقچىللىق! ئەكسىيەتچىلەرگە ئۆلۈم!» دېگەن شوئارلار

بىلەن قارشى ئالدى.

ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن، يۈرىكىدە ئوت يېنىپ تۇرغان خەلقنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئەخمەتجان ئەپەندىم: «مۆھتەرەم قېرىنداشلار! بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن قوزغالغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن جان بېرىمىز. بىز، ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن قان بېرىشنى ئايىمىغان، ھازىرمۇ ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىك ھاياتىنى ساقلاش، ئۇنى مۇستەھكەملەپ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جان ئايىمايمىز، بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق بولغىنى ئۈچۈن، بىزنىڭ يولىمىز ئاق، ئىستىقبالىمىز پارلاق»،— دېگەندە، يىغىلغان ئامما ئىنتايىن قىزغىن، سەممىي قارشى ئالدى، تەنتەنىلىك ۋە ياڭراق شوئار سادالىرى ئىچىدە ئۈرۈمچىنى قاپلىغان شۇ كۈنكى سىياسىي تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئادەم خۇشال-خۇرام، غەلىبىلىك ھالدا قايتىشتى...

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پېشقەدەم سەپداشلىرىدىن يولداش ئەنۋەرخانبابا مۇنداق دەيدۇ:

— مەن رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن، خۇسۇسەن بىتىمدىن كېيىنكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋاقتىدا، بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ، غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىنكى جەرياندا ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەردە بىللە ئىشلىدىم، شۇڭلاشقا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىرى چوڭقۇر بولدى. ھەقىقەتەن ئەخمەتجان قاسىمى ئالىي پەزىلەتلىك خەلق رەھبىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئادەم ئىدى. چۈنكى، ئەخمەتجان قاسىمى ھەقىقىي خەلق رەھبىرى



ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، خەلقنىڭ چاكىرى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ئىدى. كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكتە ۋە باشقىلاردا ئۆزىگە، قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ئاددىي-ساددا كىيىنەتتى، تاماق تاللىمايتتى. ھەشەمەتلىك نەرسىلەرنى خالىمايتتى. 1947-يىلى جەنۇبقا قىلغان سەپىرىمىزدە— قەشقەردە تۇرغان ۋاقتىمىزدا، بىر ئادەم ئەخمەتجان ئەپەندىم ئالامدىكىن دەپ، ھىندىستاندا توقۇلغان قىممەت باھالىق، ھەشەمەتلىك بىر ئەدىيالنى ئەكەپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم كۆرۈپ: «زىننەت بويۇمى ئىكەن، بۇنداق نەرسىلەرگە بېرىلىشكە بولمايدۇ. ياخشى بولمايدۇ» دەپ، سېتىۋالمىدى. ئەمما، باشقا بىر كىشى كۆرۈپلا، قىزىقىپ ئۇنى سېتىۋالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقلىقنىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋە يالقۇنلۇق تەشكىلاتچىسى ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ: «ئىنقىلاب جەريانىدا ھازىر مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى تەشكىلات-گۇرۇھلارنىڭ ھەرىكىتى ئىنقىلابىمىزنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئويغۇن كەلمىدى. بۇ تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بەزى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىمىز ئىشىمىزنىڭ ئاممىۋىلىق ئەنئەنىسىگە نۇقسان يەتكۈزدى...» دەپ بۇ ھەقتىكى ئاجىزلىق نۇقتىلارنى ئىسپاتلاپ ئۆتۈش بىلەن «ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى خالايدىغان ھەرقانداق (يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا) تەشكىلات-گۇرۇھلار بىرلىشىپ، بىر مەركەزگە ئويۇشۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن، بىر مەركەزدىن رەھبەرلىك

قىلىشنى يەلغا قويۇشىمىز لازىم»، دېدى.

«ئەڭ ياخشىسى، مۇنداق سىياسىي تەشكىلات توغرا ئىنقىلابىي نەزەرىيىگە ئاساسلانغان پارتىيە — كوممۇنىستىك پارتىيە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تېخى بىزنىڭ ئۆلكىمىزدە رەسمىي ھەرىكەت باشلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تارىخىي شارائىتىمىز تېخى پىشىپ يېتىلەلمىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھازىر ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە تايانچىسى بولغان ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جېنى بارلار جېنىنى، پۇلى بارلار پۇلىنى، ھۈنەر- تېخنىكىسى بارلار ئۆزىنىڭ ئەقلىي- جىسمانىي كۈچىنى چىقىرىپ قان كېچىپ، جان بېرىپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە مېۋىلىرىمىزنى قوغدايدىغان ئىنقىلابىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم» دەپ يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، ئىنقىلابىمىزنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1948- يىل 1- ئاۋغۇست شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەسىس قىلىندى.

ئىنقىلابىمىز جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تەشكىلات ھەم جەمئىيەت- گۇرۇھلاردىن ئازادلىق جەمئىيىتى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، شىنجاڭ خەلقچىللىق بىرلەشمىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بىرلىشىپ، ئىتتىپاق قۇرۇلغاندا ئەخمەتجان قاسىمى ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلاندى. ئىتتىپاقنىڭ



ئەڭ يۇقىرى ئورگىنى سۈپىتىدە، تەشكىلىي ھەيئىتى قۇرۇلدى. مەن ھەم ئىتتىپاق تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدىم. تەشكىلات ئەزالىرى ئىچىدە، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنىڭ مولluقى، بىلىملىكلىكى، رەھبەرلىك سەنئىتى، دېموكراتىك ئىستىلى جەھەتلەردە ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى. تەشكىلىي ھەيئەت مەجلىسلىرىدە قويغان تەكلىپلىرى، قىلغان سۆزلىرى ھەممىمىزنى قايىل قىلاتتى. شۇڭلاشقا بىزنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىمىزغا ۋە چوڭقۇر ھۆرمەتلىشىمىزگە سازاۋەر بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلابىي خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەخمەت ئەپەندىم ئىتتىپاققا رەئىسلىك قىلغان چاغدا، 1948- يىلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ، خۇسۇسەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ناھايىتى قاتتىق تۇتتى، مەخسۇس كومىسسىيە تەشكىل قىلىندى، شۇ كومىسسىيىنىڭ مەسئۇلى ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. قالغان تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرى كومىسسىيە ھەيئەتلىرى بولدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىنى شۇ ھەيئەتلەرگە بۆلۈپ بەردى. شۇ ۋاقىتتا، ماڭا سۇمۇل (ھازىرقى چاپچال ناھىيىسى) بۆلۈنگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم سۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلاتتىم. ئەخمەتجان قاسىمى ھەربىر كىشىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى: «سىلەر، شۇ ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل بولۇشۇڭلار، شۇ يەردە مول ھو-

سۈل ئېلىشقىلار كېرەك» دەيتتى. شۇ چاغدا، ئەخمەتجان قاسىمى مەندىن: «سىز ئاگرو تېخنىكىنى① بىلەمسىز؟» دەپ سورىدى. ئارقىدىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ: «ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاگرو تېخنىكىنى بىلىش كېرەك، ئاگرو تېخنىكىنى ئىگىلىمىسەڭىز، ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1948 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ئورگىنى يىغىن زالىدا بىر قېتىم رەھبىرىي كادىرلارغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ بىر ئىنىم بار ئىدى، ئۇنىڭ ھەيدەپ يۈرىدىغان بىر تارانچى ھارۋىسىمۇ بار ئىدى. بۇرۇن ئۇنىڭدا كېرەكلىك ئوت - سامان ئەكىلىپ ئائىلىسىگە ئىشلىتىدىغان، ھەتتا بازار - ئوچۇرلاردىمۇ بىرەن - سەرەن سېتىپ چىقىدىغان. كېيىن باشقىلار ئىنىمنى ئايىنىتىپ قويۇپتۇ: ‹سەن ئەپەندىمنىڭ ئىنىسى تۇرۇقلۇق تېخىچە ھارۋىدا ئوت - سامان توشۇپ يۈرەمسەن؟› دېگەنمۇ قانداق. كېيىن ئوت - سامانىنى نامازشامدا ئەكېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. خەق كۆرمىسۇن دەيدىكەن - دە!... بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ. مەن ئۆزۈم چۆپنى ئەكەلسەممۇ بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇنىڭدىن ئۇيىلىدىغان نېمىسى بار، ئەگەر مەن باشلىق بولدۇم دەپ، جەمەتىمنىڭ ھەممىسىنى قارا ئىشتىن چىقىرىۋېلىپ خىزمەتلىك قىلىۋەتسەم، باشلىقلا بولغان ئادەمنىڭ شۇنداق قىلىش ئىستىلى داۋاملاشسا، ئەڭ كۆپ ساندىكى پۇقرالارنىڭ جەمەتى خىزمەتلىك بولماسلىقى كېرەك - دە... ئۇلار تامامەن قارا ئىشنىڭ

① ئاگرو تېخنىكىسى — يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى.



قولى بولۇشى كېرەكمۇ؟...» دېگەندە، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ بۇ ئىنسانىي خىسلەتلىرىدىن كۆپچىلىك ئىنتايىن رازى بولغانىدى.

— ئەخمەتجان قاسىمى، — دەيدۇ، ئەنۋەرخانبابا، — 1948 - يىلى ساۋەنگە خىزمەت تەكشۈرگىلى باردى. ئۇ، ھەممە ساھەلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھەتتا ساۋەن تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلار بىلەنمۇ سۆھبەت ئۆتكۈزگەنىدى. جەينەكنى تىرەپ ياتقان مەھبۇسقا قاراپ، ئەخمەتجان قاسىمى: «سەن نېمە ئادەم، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «قارىنىملا، پالانىي يەردە ئوما ئورۇۋىدۇق. بىزگە ئوما ئورغۇزغان كىشىنىڭ كالىسى يوقاپ كېتىپتىكەن، ئۇ بىزگە: ‹سىلەر سويۇپ يېدىڭلار› دەپ، تۆھمەت چاپلاپ قاماتقۇزۇپ قويدى» دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمى: «توغرى دېگەن، بەزىدە مەردلىك بىلەنمۇ ئوغرىلىق قىلىدۇ، قىلغانىكەنسەن، قىلدىم دېسەڭ بولمامدۇ» دېۋىدى، ئوغرى لام - جىم دېيەلمىدى، ئۇ، خىجالەت بولدى بولغاي، يېتىشنى ئۆزگەرتتى. ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال ساقچى باشلىقىغا: «بۇ ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، كەڭچىلىك قىلساڭلار بولمامدۇ» دېدى. بۇ ئوغرى ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى ئىقرار قىلمىغانلىقىغا ئەپۇ سوراپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئىقرار قىلغانىدى. مانا بۇ، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ جاسارەتلىك، سەممىي خەلق رەھبىرى ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئالامىتى...

دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئەنە شۇنداق ئەقىللىق، جاسارەتلىك خەلق رەھبىرى ئىدى.

# ئىنقىلابىي قۇربان، شانلىق ئۆلگە

ئەخمەتجان قاسىمى 1949 - يىلى 22 - ئاۋغۇستتا ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، مۇئاۋىن باش قوماندانى گېنېرال مايور دەلىلقان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ۋە يولداش لۇەجىلار بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن زور خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ بىلەن يولغا چىققان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى. بۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش بولدى.

× ×

ھەممىگە ئايانكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۆرىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، دەلىلقان، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ قاتارلىق يولداشلار بۇ ئىنقىلابقا ئاجايىپ جۇشقۇن شىجائەت بىلەن رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى بولغان ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ قىلىپ، ئىنقىلابنى توغرا يولغا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ ئىنقىلاب جەريانىدا، ھەر خىل ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمىدىكىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ،



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئېغىشماي ئىجرا قىلىپ، دۆلەت زېمىنىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، ئىنقىلابنىڭ ستراتېگىيىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشتەك شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانىدى.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلابنىڭ جىددىي پەيتلىرىدە «ئا - ئىلىلىق» دېگەن تەخەللۇس بىلەن بىر قاتار ماقالە ۋە نۇتۇقلارنى ئېلان قىلىپ، ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىرلىك سېپىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان ئوڭ ۋە سولغا مايىل ھەر خىل سەپسەتىلەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ: «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ھەرگىز خەنزۇ خەلقىگە قارشى تۇرمايدۇ، بىزنىڭ قەتئىي قارشى تۇرىدىغىنىمىز، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى،» دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «بۇ، گومىنداڭچىلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قىلغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى، ئۇ بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنى جۇڭگودىن پارچىلىماقچى، دېگەن بەتنامنى چاپلىدى» دەپ، جاڭ جىجۇڭ ئالدىدا مەردلەرچە سۆزلەپ، پىتنە - ئىغۋالارغا رەددىيە بەرگەندە، ئۇنىڭ سۆزىدىن جاڭ جىجۇڭمۇ تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى.

(سەيپىدىن ئەزىزى نۇتقىدىن)

ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دېگەنىدى: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت — شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى، غۇلجا — ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، غۇلجا — مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، مېنىڭ ئاتا - بوۋام كۆمۈلگەن يەر، جۇڭگو مېنىڭ ۋەتىنىم، مېنىڭ يۇرتۇم. بىزنىڭ تەلپىمىز — ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە بارا-

ۋەرلىك، خالاس.»

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ يالقۇنلۇق سۆزلىرى سۆھبەتكە قاتناشقان ۋەكىللەرگە بولۇپمۇ گومىنداڭ مەركىزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ۋەكىلى، ئاتاقلىق پېشقەدەم دىپلومات، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجوڭغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جاڭ جىجوڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىلىمى، قابىلىيىتى، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ماھىرلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقى، غۇرۇرى، ئۇلۇغۋار غايىسىگە قايىل بولغانلىقىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئورنۇم ھوقۇق بىلەن، ئىمتىياز بىلەن كەلگەن. ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق تالانتلىق ئىدىكى، مېنىڭ ئورنۇم ئۇنىڭغا بوشلۇق قىلاتتى.»

(جاڭ جىجوڭنىڭ ئەسلىمىسىدىن)

قىسقىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بايرىقى روشەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدا خەلقچىللىق سىياسىتىنى (دېموكراتىيىنى) ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت. بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز، پۈتۈنلەي بىر مىللەتكە قارشى ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى شۇ مىللەت ئىچىدىكى مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ۋە زالىم ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا قارشى ھەرىكەت. شۇڭلاشقا، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا خەلقچىللىقنى، دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسىدە بىر مەقسەتتە بولغان كىشىلەر، قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىتتىپاقلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان.



ئەخمەتجان قاسىمى: «مۇستەبىتلەر تەرغىپ قىلىدىغان مىللىي سىياسەت ھەممىگە ئايان. ئۇلار، مىللەتلەرنى زىتلاشتۇرىدۇ، ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، ھەتتا بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتكە، بىر قەبىلىنى يەنە بىر قەبىلىگە قارشى قويۇپ، قانلىق ۋەقەلەرنى تۇغدۇرۇپ كەلگەنلىكى بىزگە تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاق بولدى» دېگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخى گومىنداڭچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ تايانچىسى بولغان مۇستەبىت ئۇنسۇرلارغا قارشى تارىخ ئىكەنلىكىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن يەكۈننى ھىمايە قىلىپ، ئۇنى قەتئىي ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە بىز كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھىمايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان يامان نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ، ئاغزىدا ماختاپ، ئاستىرتىن مىللەتلەرنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقىغا زەھەر چېچىشتەك قارا نىيىتىدىن ھوشيار بولۇشىمىز لازىم.

قوشۇمچە:

# چوڭقۇر سېغىنىش

(يولداش ماھىنۇر قاسىمىنىڭ ئەسلىمىسىدىن)

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى گۈزەل غۇلجا شەھىرىنىڭ خەلق باغچىسىدا، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ئېگىز خاتىرە مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭغا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسى ئويۇلغان. ھەر قېتىم بۇ خاتىرە مۇنار ئالدىغا بارغىنىمدا، ھەر مىللەت ئىشچى، دېھقان، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، زىيالىيلار ۋە ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرىنىڭ بۇ خاتىرە مۇنارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا سەممىي تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، قەلبىم ئۆركەشلەپ، خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى



ياد ئېتىمەن، يولدىشىم، ئۇستازىم ئەخمەتجان قاسىمىنى تېخىمۇ سېغىنىمەن. رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۆز ۋاقتىدا تەزىيەنامە ئەۋەتكەن چاغدىكى ئەھۋاللار كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسەللىي ۋە ئىلھام ئالىمەن.

رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەزىيەنامىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى سۆيۈملۈك يولداشلار:

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشقۇچى بىرىنچى تۈركۈم ۋەكىللىرى: شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەللىلقان ۋە شىنجاڭ جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن يولداش لوجىلار 1949-يىلى 8-ئايدا بېيجىڭغا كېلىۋاتقاندا ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. بۇ — شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بىر زور يوقىتىش. مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن.

ئەخمەتجان قاتارلىق بەش نەپەر يولدىشىمىز ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن قەھرىمانانە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىردا جۇڭگو خەلق جۇمھۇرى-

يېتىمنى قۇرۇش ئىشىدا قۇربان بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ.

يولداش ئەخمەتجان، يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم، يولداش دەلىلقان ۋە يولداش لوجىلار مەڭگۈ ھايات.»

رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىغا 30 يىل بولدى، مەن ھەر قېتىم 30 يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىسەم، ھەمىشە ئۇزاققىچە ھاياجىنىمنى باسالماي قالىمەن.

بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن، يەنى 1949-يىل 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ تۆت سەپدىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن ئازادلىقىغا بولغان چەكسىز خۇشاللىقىنى ئېلىپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىغا ۋە دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا كېتىۋاتقىنىدا ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ تارىخىي غەلىبىگە ئېرىشكەن بىر پەيتتە، خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىش ھارپىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن زور قايغۇ-ھەسرەت ئەكەلدى. خۇددى رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەزىيەنامىسىدە كۆرسەتكىنىدەك: «بۇ — شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بىر زور يوقىتىش» بولدى. شۇم خەۋەر يېتىپ كېلىش بىلەن يۈرىكىم چوڭقۇر قايغۇ-ھەسرەتكە تولدى. كۆز ياشلىرىمنى تۇختىتالمىدىم. شۇنىڭدىن بېرى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە گويا



ئەخمەتجاننى بىر كۈنى كۆل رەڭ چاپان كىيگەن ھالدا بۇرۇنقىدەكلا بىرنەچچە سەپدىشى ياكى دېھقان، ئىشچى قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە كۈلۈشۈپ، پاراڭ سېلىشىپ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدىغاندەك، مېنىڭ ۋە باللىرىمنىڭ يېنىمدا پەيدا بولىدىغاندەك، مەن ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىنى، مۇلايىم چىرايىنى، نۇر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەنە كۆرىدىغاندەك، ئۇنىڭ خۇش خۇي كۈلكىسى، سەممىي سۆزلىرىنى يەنە ئاڭلايدىغاندەكلا ھېس قىلدىم. بىراق، بۇ ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدا ماڭا ھاياجان بىلەن: «بىز بېيجىڭغا، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يېنىغا بارىمىز» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالدى.

1952-يىلى مەن شىنجاڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە باللارنى ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۈچ يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ زېدۇڭ خۇەيرېنتاڭدا مېنى ۋە باللىرىمنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئاتىمىز ماڭا يولداش ئەخمەتجاننىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىدىغانلىقىنى تەكرار-تەكرار بىلدۈردى. ئەخمەتجاننىڭ ۋاپاتى بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۈچۈنلا يوقىتىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈنمۇ يوقىتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى ھەم بىزگە سوۋغا تەقدىم قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1951-يىلى بېيجىڭغا بېرىپ داۋالىنىپ دەم ئېلىۋاتقان ۋاقتىمدا، قەدىردان زۇڭلى جۇ ئېنلەي مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلغان

چاغدا ئەخمەتجاننىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرگەنـ
دى. زوڭلى ئۆزىنىڭ 1946 ـ يىلى ئەنجەڭدا ئەخمەتجانـ
نى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. كومىتېت باشلىقى جۇ دېمۇ
ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقى مۇـ
ناسىۋىتى بىلەن تەزىيەنامە ئەۋەتكەنىدى. داھىيلارنىڭ
ئىنقىلابىي قۇربانلارنى قەدىرلىگەنلىكى، قۇربانلارنىڭ ئائىلە
تاۋابىئاتلىرىغا غەمخورلۇق قىلغانلىقى مەڭگۈ ئېسىمدىن
چىقمايدۇ.

ئەخمەتجان ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، ئاران 35 ياشتا
ئىدى. لېكىن ئۇ، قىسقىغىنا ئۆمرىدە پۈتۈن زېھنىنى قىلچە
ئايىماستىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق
ئىشلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلدى. ئەپسۇسكى، خەلق ئىنقىـ
لابىنىڭ غەلىبىيەت تېپىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن سۇغىرىلـ
غان گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، ئۇ بۇ
كاتتا بايرام خۇشاللىقىغا ئورتاق بولالمىدى. ئەگەر ئۇ ۋەـ
تىنىمىز زېمىنىدىكى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن
ئۆزگىرىشلەرنى، ئۈزۈلمەي مەيدانغا چىقىۋاتقان
يېڭى مۆجىزىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا، نەـ
قەدەر شادلانغان بولاتتى ـ ھە!

لېكىن خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەخمەتـ
جان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ۋەكىللىك قىلغان،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىققا، ھەقىقەتكە
يېتىش ئارزۇسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھـ
بەرلىكىدە، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ
رېئاللىققا ئايلاندى. ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ سەپداش



لىرى كېچە ـ كۈندۈز ھارماي تالماي جاپا چېكىپ، خىزـ
مىتىنى قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىـ
مىزنىڭ ئىناق چوڭ ئائىلىسىدە ئۆز ۋەتىنىنى تېخىمۇ
گۈللەندۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا يېڭى ئۇزۇن
سەپەرنى باسماقتا. بۇنىڭدىن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئارـ
مانسىز، خاتىرجەم يېتىشى شۈبھىسىز.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەتتىـ
كى قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش 30 نەچچە يىل بۇـ
رۇن ئۈچ چوڭ تاغ ئاستىدا ئېزىلىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز
دەرد ـ ئەلەملەرنى تارتقان ۋە بوشاشماستىن جەسۇرانە كۈـ
رەشلەرنى ئېلىپ بارغان. 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاـ
لىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق
يولداشلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن، ئۇلار تەڭرى تېغىنىڭ
جەنۇبى ۋە شىمالىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىـ
يىسىنى تارقىتىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئارىسىدا
ئىنقىلاب ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزىنى كوممۇنىزم ئىشلىـ
رىغا بېغىشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، كومپارتىيىنىڭ تەسىرى
ۋە كوممۇنىستلارنىڭ شانلىق ئوبرازى شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ
يېزىلىرىدا كەڭ تارقىلىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەكسـ
يەتچى ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەش قىلىشىغا ئىلھام بەرـ
دى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يۈرگۈزگەن كومپارتىيىگە،
خەلققە، ئىنقىلابقا قارشى سىياسەت ۋە ئاز سانلىق مىللەتـ
لەرنى چەتكە قېقىش، كەمسىتىش، خورلاش، باستۇرۇش
سىياسىتى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى كۈچەيتتى. 1944 ـ يىلنىڭ
ئاخىرلىرىدا پارتلىغان شىنجاڭدىكى ئىلى، ئالتاي، تارباـ

غاتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچىل سىياسەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ زۇلۇم-
غا قارشى تۇرغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى كۈرىشىگە ئىلھام بەردى، بۇ ئىنقىلاب گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى چىرىك ھۆكۈمرانلىقىنى
تەۋرىتىۋەتتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى، بولۇپمۇ غەربىي
شىمال رايونىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلاشتى. شۇڭا، رە-
ئىس ماۋ زېدۇڭ بۇ ئىنقىلابقا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى —
جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ باھا
بەردى. ئىنقىلابىي قۇربان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق
يولداشلار بۇ ئىنقىلابنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەر-
لىك قىلىپ مۇھىم تۆھپە قوشتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ۋاپات
بولغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى خاتىرىلىنىۋاتقان پەيتتە، مەن
ئۇنىڭ ماڭا تونۇش ھايات يىللىرى، پائالىيەتلىرىنى ۋە
ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدىم. مەن بۇ
قىممەتلىك ئەسلىمىلەرنى مۇشتەرىلەرگە تەقدىم قىلىمەن.

ئەخمەتجان 1914 - يىلى غۇلجىدا بىر كەمبەغەل
دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى نادىر
دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا خەلق ئىچىدىن
چىققان سەنئەتكار بولۇپ، سازەندىلىك بىلەن تىرىكچىلىك
قىلاتتى. ئەخمەتجان ئالتە ياش ۋاقتىلىرىدا ئۇنىڭ دادىسىنى
سۈيدۈك ناھىيىسىدىكى بىر چوڭ پومېشچىك ئۆزىنىڭ قول- چو-
ماقلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. ئۇنىڭ
ھەدىسىمۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋالىنىشقا پۇل تا-



پالىماي ئۆلۈپ كەتكەن.

ئەخمەتجان كېيىنىرەك كىچىك دادىسىنىڭ تەربىيىسى-
دە ئۆسكەن. ئاپىسى ئەخمەتجاننى ئوقۇتۇش ئۈچۈن كىشى-
لەرنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى تارتقان.
كىچىكىدىنلا جاپا تارتىپ چوڭ بولغان ئەخمەتجان بىلىم
يولىدا ئاجايىپ قەيسەرلىك كۆرسەتكەن. ئۇ چوڭ بولغان-
سېرى، يوقسۇللارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى ھەر-
گىزمۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولماستىن، پومېشچىك، كاپى-
تالىستلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك
ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن-
لىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئاغىسىدىن ئەينەك سېلىشنى ئۆگە-
نىۋالغان ئەخمەتجان ئەينەكچى قىياپىتىدە ئۆيمۇ ئۆي
يۈرۈپ، كىشىلەرگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى
تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشپىيون، ساقچىلىرى بىلىپ قالغانلىقى
ئۈچۈن 1942 - يىلى تۈرمىگە سولانغان، ئەخمەتجان تۈر-
مىدە خىلمۇ خىل ۋەھشىيانە قىيناش ۋە جازالاشلارغا ئۇچ-
رىغان. لېكىن، قىزىق تۆمۈرنى يېقىش، قامچىلاش، لازا
سۈيى قويۇش، بالداققا ئولتۇرغۇزۇشتەك مۇنداق جازالاشلار ئۇ-
نىڭ ئىرادىسىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىدى. گومىنداڭ ئۇنى
بىر يىل سولاپ ئازابلىغاندىن كېيىن، قويۇپ بېرىشكە
مەجبۇر بولغان.

بىر يىللىق تۈرمە ھاياتى ئەخمەتجاننىڭ گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇر-
غان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنقىلابىي كۈرەشكە باتۇرلۇق بى-
لەن ئاتلانغان. مەن ئەخمەتجان بىلەن 1945 - يىلىنىڭ

بېشىدا غۇلجىدىكى كىچىك بىر كونا ئۆيدە تۇرمۇشلۇق بولغانىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئىسيانچىلارنىڭ مۇھىم بىر باشلامچىسى ئىكەنلىكىنى سەزدىم. بۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغانىدى.

ئىنقىلاب بورىنى غۇلجىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراپ كېڭىيىۋاتاتتى، بىزنىڭ ئۆيىمىز قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ يىغىلىدىغان جايى بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەمىشە كېچە - كېچىلەپ مۇزاكىرە قىلاتتى. ئەخمەتجان ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەيتتى. مەن ئۇنىڭ چارچاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى دەم ئېلىپ سالامەتلىكىنى ئاسراشقا نەسىھەت قىلاتتىم. ئۇ مېنى ئىنقىلاب نەتىجىلىرى بىلەن قايىل قىلاتتى. ماڭمۇ بەزى ئىشلارنى تاپشۇرۇپ، مېنى ئىنقىلابچىلار سېپىگە قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلاتتى.

ئەخمەتجان دەسلەپتە گېزىتخانىدا ئىشلىدى. ئۇ مۇھىم باش ماقالە ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى رەھىمسىز پاش قىلدى. خەلق ئاممىسىنى قوراللىق كۈرەش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا، ئالغا بېسىشقا چاقىردى. ئۇنىڭ نامى بارا - بارا خەلق ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىدى، كېيىن ئەخمەتجان ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. بۇ جەرياندا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئىچىدە مۇھىم ھوقۇقلارنى ئىگىلىۋالغان ئەكسىيەتچىل فېئودال كۈچلەرنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ شى-



لىسىگە مىنىۋېلىپ خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىغا، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ زور ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلدى. ئۇ، بۇ خىل ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىللەت ھامىيسى دېگەن نىقابقا ئورىنىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇلار چىقارغان خەنزۇ خەلقىگە قارشى تەتۈر شامالنى باتۇرلارچە پاش قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلدى. ئۇ يەنە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ھەربىي خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش، دېھقانلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا نۇرغۇنلىغان ئەجايىپ تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئىجرا قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ۋە ھارماس - تالماس ئىنقىلابىيلىقى بىلەن بارغانسېرى خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاب غەلىبىسىدىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، ئاخىرى 1945-يىل 10-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە، سۆھبەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىگە قارشى قەتئىيلىك ۋە ئۇستىلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. قوراللىق كۈرەش بىلەن سۆھبەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ئەكسىيەتچى دائىرىلەر 1946 - يىل 6-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە ئىككى تەرەپ قاتناشقان ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالىي مەسئۇلى سۈپىتى-

دە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ بەلگىلەندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىمۇ بۇ ھۆكۈمەت تەركىبىدە بىر قىسىم مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. بىزنىڭ ئائىلىمىز 1946-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا غۇلجىدىن ئۈرۈمچىدىكى نەنخۇايۈەن (جەنۇبىي باغچا) غا كۆچۈپ كەلدى. بىتىمنى قوغداش ھەم ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن «11 ماددىلىق بىتىم» گە پەقەت ئاز-تولا ۋاقىتنى تولىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماقۇل بولغان ئەكسىيەتچى دائىرىلەر زادىلا ۋاپا قىلمىدى. يەنىلا خەلققە قارشى، ئىنقىلابقا قارشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قارشى سىياسەتتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى. لېكىن، ئۇلار قانچە ئەشەددىيلەشكەنسېرى، خەلق ئالدىدا ئۆزىنى شۇنچە شەرمەندە قىلدى. ئەكسىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپنىڭ ئىلغار پرىنسىپلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى خەلقنىڭ بارغانسېرى قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار رەھبەرلىرى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ كۈرەش نىشانىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ مۇستەبىتلىك سىياسىتىگە، چوڭ خەنزۇچىلىق سىياسىتىگە، شۇنىڭدەك يەرلىك تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، بۇلارنى «خەلققە پايدىسىز، ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ: «ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىر، ئۇلار ئۆز مىللىتىدىن چىق-



قان ئەزگۈچى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشمەيدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزنىڭ بارلىق كۈچى جۇڭگودىكى مۇستەبىت سىياسەتكە، ئۇ سىياسەتنى يۈرگۈزگۈچى جۇڭگو فېئودالىزم قالدۇقلىرىغا، ئۇنىڭ قولچوماقلىرى بولغان مىلىتارىستلارغا ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئۇۋىسى بولغان ئەكسىلئىنقىلابچى گومىنداڭغا قارشى قارىتىلغان بولۇشى كېرەك.» بۇ كۈچلۈك، جاراڭلىق ھۆكۈم ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى 1949-يىلى ئىيۇلدا «مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتالىقلىرىمىز» دېگەن مەشھۇر ماقالىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مىللىي مەسىلە جەھەتتە سادىر بولغان خاتالىقلارنى ناھايىتى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن تەنقىدلەپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسەتتى.

بىتىمنى قوغداش كۈرىشى جەريانىدا يولداش ئەخمەتجان قاسىمى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇ پۇقرالار ئارىسىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەيتتى، جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشەتتى، ماقالە-خەت يازاتتى. يىغىنلارغا قاتنىشاتتى ۋە نۇتۇق سۆزلەيتتى، يەنە گومىنداڭچىلار بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ كۈرەش قىلاتتى. مەن ئۇنى ۋاقتىدا غىزالىنىپ، ۋاقتىدا دەم ئېلىشقا زورلايتتىم، لېكىن ئۇ مۇنداق قىلالماسلىقنىڭ سەۋەبى ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى ئىكەن-

لىكىنى ماڭا چۈشەندۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ زىممىسىدىكى ئىشلارنى
يېنىكلىتىش ئۈچۈن، بەزىدە ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرىنى كۆچۈ-
رۈپ بېرەتتىم. بەزىدە ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئائىلە
ئايالى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسىز بولغان بەزى
جايلارغا بېرىپ كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ياكى ئەھۋال
ئۇقۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇبىر دوكلات قىلاتتىم. ئۇ،
مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمنى ئۆز سالامەتلىكى ئۈچۈن قىلغان
ئەڭ ياخشى غەمخورلۇق، دەپ قارايتتى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈرۈمچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرى-
ۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت
ۋەكىللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قارايتتى،
ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا دائىم دېگۈدەك يات ئادەملەر ئايلى-
نىپ يۈرەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى سىرتقا چىققاندا دائىم
ئىشپىيونلار ئىزىغا چۈشۈپ، پايلاپ يۈرەتتى. ئەكسىيەتچى-
لەر ھەتتا ئۇنىڭغا قەستلىماقچىمۇ بولغانىدى.

«فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى.

خەلققە بىتىمدىن نەپ بېرىشنى ئەسلا خالىمايدىغان
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۈرلۈك سۇيىقەستلىك ھەر-
كەتلەرنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۈچ ۋىلايەتكە
قارىتىلغان ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاخىرى
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە پائالىيەت ئېلىپ
بېرىش ئىمكانىيىتىنى يوقاتتى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسسىق
قېنى بەدىلىگە كەلگەن تىنچلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
تەرىپىدىن قەستەن بۇزۇپ تاشلاندى.

شۇڭا، 1947-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرى ئۈچ ۋىلا-



يەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ، غۇلجىغا كېتىشكە
مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئۈچ ۋىلايەت رايونىدىكى
ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، ئېگىلىك،
مەدەنىيەت - مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، كادىر يېتىشتۈرۈش
قاتارلىق ئىشلارغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى.

چەت چېگرا رايوندا تۇرۇۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنى دەپنە قىلىدىغان ئۇلۇغ كۈ-
رەشنى ھەرقاچان دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى، خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىر غەلىبىسىدىن چەكسىز خۇ-
شال بولاتتى. ئۇ ھەر كۈنى رادىئودىن خەۋەر ئاڭلايتتى
ۋە ئازاد قىلىنغان جايلارنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ھامان ئۈس-
تەلىدىكى قىزىل كۆك بايراقچىلار بىلەن تۇشقۇزۇلغان قە-
غەز قۇتىدىن قىزىل بايراقچىنى ئېلىپ خەرىتىگە قادايتتى-
دە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۆرسىتىدىغان كۆك بايراق-
نى يۇلۇپ تاشلايتتى. ئۇ ھەر قېتىم خەرىتىگە قىزىل
بايراق قادىغاندا شۇنداق ھاياجانلىنىپ كېتەتتىكى، ئىختى-
يارسىز ھالدا: «ئاز قالدى، ئاز قالدى» دەپ چەكسىز
خۇشاللىناتتى. سىرتتىن ئۆز ئىشخانىسىغا كىرگەن ھەربىر
مېھمانغا ئەڭ ئاۋۋال ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھ-
ۋالىنى تونۇشتۇراتتى. بۇ ھالەت «ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېگەن ھەق-
قەتكە بولغان ئىشەنچىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىگە تەلپۈنۈش، ئازادلىق تېڭىغا تەلپۈنۈش

ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ بېيجىڭغا مېڭىش ئالدىدىكى ھاياجىنىمۇ ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار ھېسسىياتنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى دائىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ «بىلەكلىك بىرنى يېڭەر، بىلىملىك مىڭنى يېڭەر» دېگەن ماقالىنى ئېغىزىدىن چۈشەرمەيتتى ۋە داۋاملىق مۇشۇ ماقال ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئىلھام بېرەتتى. ئۇ خىزمىتى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ ئەستايىدىل ئۆگىنەتتى، كىتاب كۆرەتتى. شەخسەن ئۆزى «كەلگۈسى ئۈچۈن تەييارلىنىش» يۈزىسىدىن ماركس، لېنىن ئەسەرلىرىنى، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، باشقىلارغىمۇ شۇنداق قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى. «راست ئىنقىلاب تېخى ئالدىمىزدا، مەردنى مەيداندا سىنايدىغان ۋاقىت كېلىدۇ. شۇنىڭغا تەييارلىنىش كېرەك» دەيتتى. ئۇ جۈملىدىن ئۆزى ئوقۇپ چىققان كىتابلاردىكى مۇھىم ئورۇنلارغا قېرىنداش بىلەن سىزىق تارتىپ ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇنى ماڭا كۆچۈرگۈزۈش ئارقىلىق مېنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلاتتى. ئۇنىڭ داۋاملىق خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە كىتابلارنى ئېلىۋېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى ئىدى، ئۆيىمىزنىڭ بىر تەرىپىگە پۈتۈنلەي كىتاب جازىسى قويۇلغان بولۇپ، ھەر خىل كىتابلار بىلەن تولغانىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ خەنزۇچە كىتابنى ياد ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ خەنزۇچىنى قەيەردە ئۆگەنگەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ تۈرمىسىدە ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.



ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىدىن دەرس بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن ھەپتىسىگە ئون نەچچە سائەت دەرس ئالاتتى ۋە تاپشۇرۇقنى خۇددى ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئۇ بېيجىڭغا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىمتىھان قەغىزىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ: «بۇ قېتىمقى ئىمتىھانىڭىز يامان ئەمەس بېرىپسىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ئەخمەتجان ئامما بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى. ئەخمەتجاننىڭ دوستلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ياشلار، قېرىلار، باللاردىمۇ ئۇنىڭ دوستلىرى بار ئىدى. ئۇ، بۇ دوستلىرى بىلەن دائىم بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇراتتى، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى. غۇلجىنىڭ شەرقىدىكى باغچىدا يېشى 50 تىن ئاشقان بىر نامرات بوۋاي بار ئىدى، ئۇ ئۆمۈر بويى پومېشچىكنىڭ بېغىدا قارىغاچقا مول باغۋەنچىلىك تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. بۇ بوۋاي دائىم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئەخمەتجان بىلەن پاراڭلىشاتتى. بەزىدە ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە ئالما مەھسۇلاتى ۋە ئالمىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلاتتى. بىر كۈنى ئەخمەتجان نەدىندۇر ئالما ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى توغرىسىدا بىر پارچە كىتاب تېپىپ كېلىپ، ھېلىقى باغۋەنگە ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ بەردى. بوۋاي خۇشاللىق بىلەن ئۇنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ ئولتۇردى.

ئەخمەتجان ئۆسمۈرلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. باللارنى ياخشى كۆرەتتى، باللارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ دائىم «ئۆسمۈرلەر — ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى، كەلگۈسىدىكى قۇرۇلۇشنى پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورۇندايمىز» دەيتتى.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، مەن داستىخان سېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم. خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇ كەلمىدى. كەلگەندىن كېيىن قارىسام ناھايىتى پەرىشان كۆرۈندى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم. ئەسلىدە ئۇ ئىنقىلابتا قۇربان بولغانلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن قۇرۇلغان دارىلئېيتامغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خاپا بولۇپتۇ. شۇ كۈنى تاماق ۋاقتىدا شۇ بالىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى بولغاي تۈزۈك تاماق يېمىدى، ئۇنىڭ دارىلئېيتامدىكى بالىلار بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتى بار ئىدى، سۈرەتتە ئۇ بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. بىر شوخ بالا قورۇنماستىن ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە چىقىۋالغان. بىر قىزچاق ئۇنىڭ سول پۇتىغا يۆلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئەخمەتجان ئۇدۇلىدىكى ھەممىدىن كىچىك بىر بالا بىلەن سۆزلىشىپ تۇراتتى. 30 يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن بۇ سۈرەتنى تا ھازىرغىچە قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. مەن ئۇنى كۆرگىنىمدە ئەخمەتجاننىڭ شۇ كۈندىكى پەرىشان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئەخمەتجان دائىم يېزا-قىشلاقلارغا، تاغلىق رايونلارغا بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەيتتى. نامرات دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىللە ئۆتەتتى ۋە ئەمگەك قىلاتتى.

1949-يىلى 5-ئايدا، ئەخمەتجان غۇلجىنىڭ شەر-



قىدىكى بەش ناھىيىگە بېرىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، قايتاشىدا ئىلى دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى تەكشۈرۈش ۋە سالچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش مەقسىتىدە تېكەس ناھىيىسىدىن (ئىلى دەرياسىنىڭ بېشىدىن) سال بىلەن قايتماقچى بولغانىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەكشۈرۈشكە چىققان يولداشلار ۋە تېكەس ناھىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى توسۇپتۇ. لېكىن، ئەخمەتجان ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئاددىي بىر سالچى سۈپىتىدە سال ھەيدەپتۇ. مەن ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۆيدە ئولتۇرغانىدىم. بىر كەمدە «ئەخمەتجان سالچىلار بىلەن بىللە سال ھەيدەپ ئىلى دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى، قاتتىق چۆچۈدۈم. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئۇشتۇمتۇت بىرەر كۆتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم، تاماقنى ئېلىپ ئالدىراپ-تېنەپ دەريا بويىغا باردىم. مەن ئۇنىڭ تېز قىرغاققا چىقىپ، بىر قاچا ئىسسىق تاماق يەپ، بەدىنىنى ئىسسىتىۋېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىر ھازادىن كېيىن سال ئېقىپ كەلدى، ئەخمەتجاننىڭ ئۈستىبېشى باشقا سالچىلارغا ئوخشاش چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پۇشقىقى تۈرۈكلۈك، يالىڭاياغ قىرغاققا سەكرەپ چىقتى. خېلىدىن بېرى قىرغاقتا تۇرغان بىر ئىشچى سىياقىدىكى ئادەم ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قىزغىن قول ئېلىشتى ۋە قولىدىكى تۆت زىغ كاۋاپنى ئەخمەتجانغا تۇتتى. بۇ كىشى ئەخمەتجاننىڭ بىر ئىشچى دوستى ئىكەن، شۇ چاغدىلا ئەخمەتجان مېنى كۆردى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ، قولى بىلەن يېنىدىكى سالچىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «تا-

ماقىنى ئۇلارغا بېرىڭ» دېدى. بايىقى سالچىلار ئۇزلىرى بىلەن دەريادا بىر كېچە-كۈندۈز ئۈزۈپ يۈرگەن ئادەمنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئۇلار ئەخمەتجاننى خەۋپ-خەتەردىن قورقمايدىغان، قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان، ياخشى رەھبەر ئىكەن، دەپ ماختاشتى.

ئەخمەتجان تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ئىدى، ئۇ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ھەققىدە ماڭا دائىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇراتتى. ماڭا: «سۇيۇقئاش-شورپىلارنى تاماق جوزىمىزدىن سۈرگۈن قىلىۋەتسەك بولماس» دەپ چاقچاق قىلاتتى. تۇرمۇش ئەھۋالىمىزدىن خەۋىرى بار يولداشلار بۇنىڭدىن خاپا بولاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ماڭا دائىم: «ئەخمەتجاننى ياخشى تاماق بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇڭ» دەپ جېكىلەيتتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىئارام بولاتتى. مەن ئۇنىڭ ياخشىراق غىزالىنىشىنى خالىمايتتىممۇ؟ دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەن چاغدا بۇ چوڭ شەھەرنى كۆرۈشۈم بىلەن ئۇنىڭغا لايىقلاشقۇم كەلدى. چۈنكى، بىز توي قىلغان چاغدا بىر پارچە ياماق چۈشكەن يوتقىنىمىزدىن باشقا قولغا چىققۇدەك كىيىمىمىزمۇ يوق ئىدى. كۆڭلۈمدە: ئەخمەتجان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ قالدى. بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى بىرەر قۇر تولۇقلىۋالاي، دەپ ئويلىدىم.

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە ئىككى قۇر يوت-



قان-كۆرپە، ئۈچ قۇر يېڭى كۆڭلەك تىكتۈردۈم. چىرايلىق قاچا-قۇمۇچ، ئۆي جابدۇقلىرىنى سېتىۋالدىم. ئۇ بۇ ئىشنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن قاتتىق خاپا بولدى: «بىز ھەرگىز گومىنداڭنىڭ باي خېنىملىرىنى دورىماسلىقىمىز لازىم. ئۇلار خەلقنىڭ قان-تەرىنى ئىچىدىغان پارازىت قۇرتلار، ھازىر بىزنىڭ خەلقىمىز ناھايىتى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم» دەپ ماڭا قاتتىق تەربىيە بەرگەنىدى، ئۇنىڭ بۇ تەنقىدى ماڭا چوڭقۇر تەربىيە بولدى، ئۇ كۈنلەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەخمەتجانمۇ دائىم سەگەك ئىدى. خوجىلىق باشقۇرغۇچى يولداشلارنىڭ تېجەشلىك بىلەن پۇل ئىشلىتىشىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، بىز توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي غۇلجىدىكى بىر سودىگەر بىر پارچە كىگىز بىلەن بىزنى مۇبارەكلەپ كەپتۇ. ئەخمەتجان بۇ سوۋغاتنى ئۇنىڭ يۈزىدىلا رەت قىلدى. چۈچەكتىمۇ بىر چوڭ سودىگەرنىڭ سوۋغىسى شۇنداق رەت قىلىندى. ئەخمەتجاننى شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە تارتماقچى بولغانلار ئەنە شۇنداق ئەمەلىيەت بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە چاڭ قوندۇرمايدىغان پاكلىقىنى بىلىپ جىمىقتى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئامما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتەلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئەمگەكنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيەتتى. دائىم ئۆزىنى ئاددىي بىر ئەمگەكچى دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ: «ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەملەر-

جاپاكەش ئەمگەكچىلەر» دەپ تونۇپ، بىكار تەلەت، ياخ-
شى يېيىش، ياخشى كىيىنىشنىلا كويىدا يۈرىدىغان ئادەم-
لەردىن يىرگىنەتتى. جىسمانىي ئەمگەك قىلىشنى ئەڭ ياخ-
شى دەم ئېلىش دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى
ئاقسۇئۆستەڭ ئەمگىكىگە، غۇلجا ئايرودرومىنىڭ كۆچەت
تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئەمگىكىگە قاتناشقان. بىزنىڭ
قولىدىكى كونا ھويلىمىزدا ھېلىمۇ بىرنەچچە تۈپ سې-
رىنگۈل بولۇپ، بۇ گۈللەرنى يولداش ئەخمەتجان ئۆز
قولى بىلەن تىككەن. 1949 - يىلى، بېيجىڭغا مېڭىش
ئالدىدىمۇ ئۆز قولى بىلەن قۇدۇقتىن بىرنەچچە چېلەك
سۇ تارتىپ سېرىنگۈللەرنى سۇغارغانىدى. ئۇ گۈللەر ھازىر
چوڭىيىپ، بۈك - باراقسان بولۇپ كەتتى. گويا ئۆزلىرىنى
تىكىپ ئۆستۈرگەن كىشىنىڭ ئەجرىنىڭ سىمۋولىدەك، خۇش
پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن
خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە، ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. شىنجاڭ-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ ئۆچمەس
ئىزى قالغانىدى. جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان لىن بياۋ ۋە
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئالىستوپىلاڭ كۆتۈرۈپ يۈرگەن
كۈنلەردە سان - ساناقسىز پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى
زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆز
ھاياتىنى قۇربان قىلغان نۇرغۇن ئىنقىلابىي قۇربانلار ھۇ-
جۇمغا ئۇچرىدى ۋە قارىلاندى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىن-
قىلابىي ئەمەلىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپىلى-
رىمۇ ھۇجۇم، كەمسىتىش، ھەتتا ئىنكار قىلىشتىن خالىي بول-



مىدى. نەتىجىدە مەنمۇ چېتىلدىم، زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىم.
لېكىن، تارىخنى ئۆزگەرتىۋەتكىلى بولمايدۇ. ھەقىقەتتىن
كۆز يۇمۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلىپ قالايمىقانچىلىقنى
ئوڭشاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا قىلىنغان بەتناملارنى ئاغ-
دۇرۇپ تاشلىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 30 يىل
توشقان چاغدا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى خاتىرىلەنمەكتە.
مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومدىن چىن قەلبىمدىن مىننەتدارمەن. ئەخمەتجان
قاسىمىنى چىن قەلبىمدىن چوڭقۇر سېغىنماقتىمەن. ئۇنىڭ
ئىستەكلىرىنى ئەسكە ئالماقتىمەن.

阿合买提江·哈斯木 （维吾尔文）

·

吾买尔·买买提伊明
吐尔逊·亚生 著

编辑： 安瓦尔·达吾提

责任编辑：贺加克

---

新疆青少年出版社出版（乌鲁木齐市建设路九号）

新疆新华书店发行 乌鲁木齐福利印刷厂印刷

787×1092毫米 1/32开本 3.25印张

1987年1月第1版 1987年6月第1次印刷

印数：1—25.150

---

ISBN7—5371—0090—X/I—27

统一书号：M10124·194 定价：0.50元